# روزى سايىت ئەسەرلىرى



شائىر روزى سايىت 1943-يىلى 9-ئايدا گۇما ناھىيىسىنىڭ شەيدۇللا دىگەن يىردە تۇغۇلغان .1951-يىلى ئاتا - ئانىسى بىلەن خوتەنگە كۆچۈپ كىلىپ 1958-يىلغىچە چايخانا (ھازىرقى خوتەن ناھىيىلىك ئۇمۇد باشلانغۇچ مەكتىپى ) مەكتەپتە ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز سىنىپلىردا ئوقۇغان .شۇنىڭدىن كىيىن ئوننەچچە يىل دىھقانچىلىق ئەمگىگى بىلەن شۇغۇللانغان ، 1973-يىلى قەشقەر پىداگوگىكا ئىنستىتوتىنىڭ تىل -ئەدەبىيات فاكولتىتىغا قوبۇل قىلىنغان.ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كىيىن خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن ۋە لاگرو يىزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە تىل ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن .1980-يىلدىن باشلاپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە يىڭى قاشتىشى ژورنىلدا مۇھەررىر بولغان.

روزى سايىت 1973-يىلدىكى قەشقەر گىزتى دە ئىلان قىلىنغان «دىھقانمۇ داشۆسىڭ بولدى» ناملىق شئىرى بىلەن ئىجادىيەت سىپىگە كىرگەن . ھازىرغىچە ھەرقايىسى گىزىت - ژورناللاردا «چۈشنامە»قاتارلىق 12 پارچە داستان ۋە باللادىسى،1000پارچىدىن ئارتۇق شئىرى ۋە روبائىسى «بارات يازغان ھكايە»قاتارلىق بىرقانچە بارچە ھكايىسى «ئەتەبەتۇل ھەقايىقنىڭ شئىرى يەشمىسى»، «ئۇيغۇر كلاسسىك شئىرىيتىدىكى شەكىللەر توغرىسىدا » قاتارلىق ئىلمى ماقالىللىرى ئىلان قىلىنىپ، جامائەت ئارسىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى . « قاشتىشىنىڭ رىۋايىتى»،«بۇقىز كىمنى تاللىسۇن»،«مەرھابا»،« ئاھ ،ئۇزاقتا سوزۇلغان

چۈش»، «كۆكۈلدىكى گەپلەر»، «مۇھەببەتتىن پۈتكەن ناخشلار»، «روبائىيلار»،« تۆيۈقلار»، «خىيالدىن تۆرەلگەن خىياللار»،«دېھقان كۆلكىسى»، «پاھ،دېھقاننىڭ ھەيكىلى» قاتارلىق داستاد ۋە شئېرلار توپلاملىرى ئېلان قىلىندى .روزى سايىتنىڭ يەنە «ئاھ، سېنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىڭ»، «كىرىپ قاپتۇ ئانام چۈشۈمگە»، «بۇخوتەن»، «مەن خوتەن قىزى»قاتارلىق يۈزلىگەن ناخشا تېكىستى ئاھاڭغا سېلىنىپ ۋەتەننىڭ يىزا-سەھرالىرىدا ياڭرىماقتا .بىر قىسىم شئېر،ھېكايىللىرى خەنزۇ تىلغا تەرجىمە قىلىندى ۋە دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈلدى .شائېرنىڭ «دېھقان يىغلايدۇ»، «چۈشنامە» بالىلار پۈلغا زار» «چىرىكلەر بەدخەچ »«،بارات يازغان ھېكايە»، «يىپەك يۈرتىدا نورۇز »قاتارلىق داستان ،شئېر ،ھېكايە ۋە تېلۋېزيە بەدئىي سەنئەت درامىللىرى ،«بۇجاھان»، «جاھان كەڭرى يول كەڭرى»ناملىق ناخشا تېكىستلىرى قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلىرى مەملىكەت ،ئاپتونۇم رايون دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشتى .ئۇنىڭ مۇنەۋۋەر شئېرلىرىدىن تۈزۈلگەن« دېھقان بولماق تەس»ناملىق قاپلىق ئۇنئالغۇ لېنتىسى نەشر قىلىنىپ نەچچە ئونمىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. .

خەلق شائىرى روزى سايىت 2001-يىلى 9-ئاينىڭ 8-كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن خوتەن شەھرىدە ۋاپات بولدى .مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىللىرى ئىلمىي جەمئىيتىنىڭ جوڭگو ئۇيغۇر مەدىنىيەت تارىخ ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى ، ئاپتونۇم رايۇنلۇق تىل يېزىقنى قېلىپلاشتۇرۇش ئىلمىي جەمئىيتىنىڭ ،ئاپتونۇم رايۇنلۇق 12 مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيتىنىڭ ئەزاسى ئىدى . خەلق شائىرى رزى سايىتنىڭ ۋاپاتى ئۇيغۇر ئەدەبىيات سەنئىتى ئۇچۈن زور يوقتۇش . شائىر مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بىلەن ئەل قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ

پەن بولۇر

روزى سايىت

تەدبىرى كۆپىنىڭ قولىدا كاج قۇلۇپمۇ ئەن بولۇر،
تەدبىرى كەملەر مۇشەققەت زەنجىرىگە بەن بولۇر.

كەلگۈسى تەدبىر ئەقلىدىن، ئەقلى مەزمۇتقا قارا،
ئىش قوشۇپ ئەتكەچ مۇرابىبا غورىسى هالۋا بولۇر.

ئەقلى بەردەم ئىچسە شەربەت، ئەقلى چولتا لەۋ شۇمەر،
بۇ گېپىمگە مەيلى ئاقىل، مەيلى دۆت تەڭ تەن بولۇر.

ئەي نادان، سەن ئەقلى كامىللارنى ئۇستاز تۇت،ئۈگەن،
ئۇ ياشاشنىڭ مەنە مەزمۇنىدا ئۆلچەم - چەن بولۇر.

«ئەن»نى،«قەن»نى، «تەن»نى،«چەن»نى سۆزلىمەكلىكتىن غەرەز،
روهقا ئەي قىلماق، بۇ «ئەي»نەق ئىلمۇ - هېكمەت، پەن بولۇر!

## ياخشىدۇر

نەزمىلىك رېتىسىپ تۈزەي شەربەت بىلەن يۇت ياخشىدۇر ،
بىل : << شۈكۈر>> گە مۇشت، تەمەگە شىلتىساڭ پۇت ياخشىدۇر،
ئەجرىدىن ئىلكىڭگە ئالغان زەررىچە قۇت ياخشىدۇر،
مېۋىسىز ئۆسكەن چىناردىن مېۋىلىك تۇت ياخشىدۇر،
بەهرىسىز رەڭدار گىياهتىن مالغا باب ئوت ياخشىدۇر.

ئەسلى ئىنسان قىممىتىنى قىلدى بەرپا تۆهپە - تەر،
كىم بۇنى بىلسە - چۈشەنسە ئۆلگەي - مەۋجۇت ئۆتەر،

(ياخشى پاكىتتۇر بۇ سۆزگە شۇ يۇسۇپ، مەھمۇد بەدەر)،

بەزىلەر تەرسىز تائام ھەم ئەجىرسىز ئامەت كۈتەر ،

ئويلىشى << سەن كەشپىيات ئەيلە، ماڭا مۇت ياخشىدۇر. << . . .

يىغمىسا ھەرە چېچەكتىن شىرنىنى بال نەدىكىن ؟
قويمىسا باغۋەن كۆچەت ئەنجۈر، ئانار، تال نەدىكىن ؟
باقمىسۇن چوپان، قېنى يايلاقتىكى مال نەدىكىن ؟
<< شۈكۈر >> نى ياستۇق قىلىپ ياتقانغا ئىقبال نەدىكىن ؟

بۇ كەبى خورەكچىدىن بەرھەق سۇنۇق بۇت ياخشىدۇر.

تۈزلىنەمدۇ ئۆز ئۆزىدىن يەر - زېمىن ئويمانلىرى ؟
قازمىسا ئاشكارا بولۇرمۇ << تىلسىمات >> پىنھانلىرى ؟
<< ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش >> تىن ھەلمۇ ئەل ئارمانلىرى ؟
ئىلمۇ - ئىرپانسىز ئېلىنغايمۇ زەپەر قورغانلىرى ؟

كۆزلىگەن مەقسەت ئۈچۈن ئىخلاسى مەزمۇت ياخشىدۇر.

<< مەن نىچۈن كەلدىم جاھانغا ؟ >> دەپ ئۆزۈڭدىن گەپ سورا،
باق بېسىپ ئۆتكەن يولۇڭغا. مەنزىلىڭ ياققا قارا ،
بولمىسۇن كۆڭلۈم، دېسەڭ روزى پۇشايماندىن يارا،
كەلگۈسى ئەۋلاد ئۈچۈن تەر تۆك، ئۆگەن، قىل ئىختىرا،

ئەكسىچە، نەپسىز ھاياتىڭ يازىدىن ھوت ياخشىدۇر.

## دېھقان بولماق تەس

شائىرمەن ،قىلمىغاچ يالغانغا ھەۋەس،

سۆزلەيمەن ھەق گەپنى يالغاننى ئەمەس.

بىر ئوت بار يالقۇنى قەلبىمدە پەۋەس،
شۇ ئوتنىڭ ئۆرتىشى ئەتتى مېنى مەس،
مەسلىكتە دەپ ئالاي لېكىن مەن پەخەس،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس.

ئالەمنىڭ گۈللىشى ئۇنىڭ تەرىدىن،
چۆللەرنىڭ ئەبەدى ئۇنىڭ بەھرىدىن.
ئۇ باقار شەھەرنى كېچىپ مەرىدىن،
ئۇنىڭ يوق تاماسى <<تاختىپەرى>>دىن.
پەرقى يوق تۆھپىدە ھەسەل ھەرىدىن ،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس.

ئۇ مۆمىن ،بەك ياۋاش،ساددا مۇلايىم،
بوشىماس ئالقىنى كەتمەندىن دائىم.
دەر؛ئىشلەي ساق بولسا يەتتە ئەزايىم،
تەقدىردە ئېتىزدىن ئېلىنمىش رايىم.
رىزقىمنى ،ئەجرىمنى بەرسۇن خۇدايىم،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس.

پاراغەت دىلبىرى ئاچقۇچە قۇچاق ،
تۆت پەسىل توختىماي كۆرستەر ئوتۇن.
قىشتا سوغ،يازدا ئوپ،باھاردا قۇيۇن،
گاھ كەلكۈن ،گاھ تومۇز،قىستۇرار بويۇن.

قىسمەت دەر <<جاپاغا كېكىر-تويۇن! >>

جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس.

قاراشلىق كەل - بار يالغۇز بېشىغا،
يۇگرەيدۇ ئۆستەڭگە دامبا بېشىغا.
ئىشلەيدۇ شۇلارنىڭ توپا - ئىشىغا،
ۋاقتىنىڭ ئاشقىنى ئېتىز بېشىغا.
قورۇقلار ماس كەلمەس ئۇنىڭ يېشىغا،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس.

ئۇ ئۆكۈز ،توختىماي تارتىدۇ ساپان ،
شاكراپ تەر دەستىدىن شورلايدۇ تاپان.
كۆيىدۇ چوققىسى ،كۆيىدۇ تاپان ،
چاك - چاك يېرىلىپ قانايدۇ ئالقان.
ئەمما ئۇ<<ۋايجان!>>لاپ كۆتۈرمەس چۇقان،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس.

تېرىمنىڭ كەيىندىن مايسا پەرۋىشى ،
ھە دېمەي بولىدۇ يىغىم تەرۋىشى.
ئېتىزدىن بوشسا ئۆيىنىڭ تەشۋىشى ،
ئېشەكنىڭ ھاڭرىشى ،قوينىڭ مەرىشى.
يىل بويى ئۆكسمەس پىشىپ تەرلىشى،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس.

كېلىدۇ بايراملا ئايەمگە تۇتاش،

دېھقاننىڭ بايرىمى <<ئوتاش ھەم پۇتاش.>>

ئۇي پىكىر ھېيت ئەمەس - ھوسۇلنى بوداش،

ئايەم شۇ قازناقتا كۆپۈرەك كىرسە ئاش.

مەشرىپى ماتىمى خاماندا، ئاداش،

جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس.

ئۇ ئەمەس ئۇنۋاندار تەلەيلىك كىشى ،

توشمايدۇ بىر ئۆمۈر پىنسىيە يېشى.

يوق <<تۆمۈر تاۋىقى>>ئۆرلەش ئىشى،

يوق مائاش ،دەرىجە ئۆستۈرۈش ئىشى.

ھەر ئايدا ئوتتۇز كۈن ئىشلەر ياز قىشى،

جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس.

يەكشەنبە ،شەنبىلەر يوقلىماس ئۇنى،

شىيەنجاڭمۇ،شياڭجاڭمۇ يوقلىماس ئۇنى.

كانىكول تەتىللەر ساقلىماس ئۇنى،

يوقلايدۇ ،ساقلايدۇ ئەمگەك خاس ئۇنى.

شۇ <<خاس >>لىق باغاشلاپ راست سۆيەر ئۇنى،

جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس.

ئۇ تەرگەن پاختىدىن بىزنىڭ ئۈستى باش،

ئۇ چەشلەپ يىققان دان - بىزنىڭ يىگەن ئاش.

ھەم شۇنىڭ لىگەنگە چىققان گۆش - ئوتياش،

ئۇ باققان پىلدىن بىزنىڭ يوتقان تاش.
ئۇ بولغاچ مەرد ھاتەم بىز مۇشۇنداق شاش،
جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس.

<<مەن ،سەن ،ئۇ>> - سەھرالىق يېزىدىن ئەسلى،
دىمەك بىز ئەسلىدىن دىھقاننىڭ نەسلى.
نەسلىدىن ياتلاشقان كۆرمەس بەخىت ۋەسلى،
قەدىرىنى بىلگەنگە ئۇ ئىللىق يەسلى.
<<يەسلى>>گە سوزمىسۇن قول ئاياز پەسلى،
جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس.

بەزىلەر دىھقاننى ساغار كالىدەك ،
ساغقانچە بىلىنەر سۈتى چالىدەك.
ئۆزىلا<<ئاق >>ئۇنىڭ كۆڭلى ئالىدەك ،
مۇڭلانسا تۈيلار تۆھمەت - يالىدەك.
رىزقىغا چاڭ سالار ئۆگەي بالىدەك ،
جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس.

ۋاھ خەقلەر كەتتىغۇ ئەجەپ سوللۇشۇپ ،
ھىلىسى يىلىسرى باردى موللۇشۇپ.
سەھنىدە تۈزۈشۈپ <<توختام>> - قوللۇشۇپ،
<<قاتلىشىپ ئاشتى >>دەپ دوكلات يوللۇشۇپ.
مۇكاپات ئېلىشتى <<تۆر>>نى گوللۇشۇپ،

جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس.

ئەللىك كۈنتۈرۈقلۇق خالىس ئەمگىكى،
يىل بويى ئىشلەيتى ھاشار بەگلىگى.
رەت قىلسا تۆلەم بار-قالتىس دەللىكى،
ئەرز قىلسا چار قونداقلار پەللىكى.
دېھقانغا مۈشۈنداق ياشاش تەگلىكى،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس.

<<تەكىت>>تە ئاجايىپ دېھقاننىڭ رولى،
دېيىلەر <<ئاساسنىڭ ئاساسى -ئۆلى ››
ئەمەلدە بېشى كەڭ ،تار ئاياغ يولى،
شۈكمۈ تىرنىقى ئۆسمەيدۇ غولى.
ئون فۇڭنى خەجلەشكە تىترەيدۇ قولى،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس.

ساتقىلى ئەپ كىرسە ياڭاق يا گۆلە،
ئۇ كىلەر: يەر ھەققى تاپشۇرغىن ،بولە؟...
ئۇ كىلەر :دەپ قېنى رەسمىيەت تۆلە...!
دەپ قالسا:سەل توختاڭ ...دەر <<يوقال ئۆلە ››!،
ئۇنىڭغا ھەممىسى توقۇيدۇ مۆلە،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس.

ئۇ دىسە:قىغ - تېزەك ھىدى بەستىدە...

ماۋۇ دەر:پول قىستاڭ ئۈنىڭ دەستىدە...

يولنى ئۇ ياسىسىغان تۇرسا ئەسلىدە،

ھارۋۇسى ماڭالماس كوچا رەستىدە.

ئاھ ،گويا ھەممىسى ئۈنىڭ قەستىدە،

جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس.

خەزىنە تارقاتسا <<يۆلەش پۇلى>>نى،

بانكىر دەر:<<ئۇ بىلمەس بېيىش يولىنى.››

يۆيامدۇ بىزنى ،بىز يۆيساق قولنى؟

چىقرىپ تۇرسا كېيىن دولا -غولنى!

كۆزىمىز كۆرمىسۇن قەرزى تولنى!

جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس.

مۇشۇنداق ھالەتتە دىھقان بىچچارە،

كۆزى ياش،دىلى خۇن يۈرىكى پارە.

ئەپتى جۇل،گېلى ئاچ،مىسكىن ،ئاۋارە،

ھالىغا ۋاي ئۈنىڭ قەيەردە چارە.

ھەتتاكى جانغىمۇ تۆلەر ئىجارە،

جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس.

ئۈززۈلەي دىگەندە ماغدۇر- يىلىكى،

يۇقۇرغا ئاڭلىنار ئارمان - تىلىكى.

هال سوراپ كېلىشەر خىزمەت ئۆمكى،
<<يېتەمدۇ يىلىغا - دەپ ئوزۇق يىمىكى؟.>>
بارى - بار،نە هاجەت <<ئۇ-بۇ>>دېمىكى،
جاهاندا هەممىدىن دېھقان بولماق تەس.

دېھقان دەر تەكشۈرۈپ كەلگەن ئۆمەككە،
<<ئوخشايدۇ هالىمىز ئەتىسەز مۇنەككە.>>
بىز گويا قارچۇغا چۈشكەن خۇنەككە،
مۇھتاج بىز يۇرۇققا،بىر يار - يۆلەككە.
(دىمەك تەس بۇ گەپنى سىزدىن بۆلەككە)،
جاهاندا هەممىدىن دېھقان بولماق تەس.

جەدىۋەللەر<< ئاشتى>>غا يوللايدۇ سانىنى،
ئالدۇ سۈپۈرۈپ ئاخىرقى دانىنى.
ئالدايدۇ ئۆزىنى،كۆر بۇ زىيانىنى،
پوچىلىق - <<نوچىلىق>>قىنايدۇ جانىنى.
جەرىمانە توختىماي كولايدۇ يانىنى،
جاهاندا هەممىدىن دېھقان بولماق تەس.

كۆرۈڭلار هالىمىز شۇ قەدەر ناچار،
ئاش تۆككەن قازناقتىن چاشقانمۇ قاچار.
يەي دېسەك تۇگدى ،يىمىسەك ئاچار،
بىز نىچۇن بوپ قالدۇق شۇ هالغا دۇچار؟...!

كەتسەڭلار <<چاقتىڭ!>>دەپ قەھرىنى چاچار،

جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس.

ئىشقىلىپ بىرسى بار پەيلى بەزگەكتىن ،

ئىمتىياز تەختىدە تۇرۇپ ئەزگەكتىن.

چىقمىسا بۇ قەستىنى بىلگەك ،سەزگەكتىن،

بولىمىز سەرگەردان -<<جاھان كەزگەك>>تىن.

گاراڭ بىز توختىماس تىپىك تەستەكتىن،

جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس.

يۇرت -يۇرتتىن تەڭلەيدۇ كۆڭلەك ،چاپان ،كەش،

ھەشقاللا ئېيتىمىز بولسىمۇ نىم كەش.

بىز شۇنداق تىلەمچى -گاداي ،كۆڭلى غەش،

قىززىق ئىش،يەر مۇنبەت ھەر خاماندا چەش.

بىلمىدۇق كىم جەمشىت،كىملەر لەيلۋەش،

جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس.

<<ئوغۇتمۇ پۇل!>> دەيدۇ ،يالتىراقمۇ ھەم،

<<تۈگمەنمۇ پۇل! >>دەيدۇ جىن چىراقمۇ ھەم.

<<پۇل>>دەيدۇ تاغارمۇ ،توقۇناقمۇ ھەم،

<<پۇل>>دەيدۇ يولدىكى بوغۇناقمۇ ھەم.

پۇل قېنى؟پۇل نەدە؟ غەم ئۈستىگە غەم ،

جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس.

بىزنىڭمۇ باي بولۇپ ئۆتكىمىز يوقمۇ؟
لەۋلىرى ماي بولۇپ ئۆتكىمىز يوقمۇ؟
نامراتلىق نومۇسقۇ،بىزگە ئوزۇقمۇ؟
قىسمەتنىڭ پۈتكىنى ئامانەت،دوقمۇ؟
يوق ھەتتا تەسەللى - <<ۋاي نىمە قوق>>مۇ،

جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس.

---

دىمىسىمۇ مەركەزدىن <<باي بولسۇن دىھقان››!

قۇلاقنى يۇپۇرغاچ يەرلىك بەگ،خاقان.

ھەددىدىن ئاشماقتا<<ئۈچ قالايمىقان››،

بەس !ئەمدى سالمىساق بولمايدۇ چوقان.

چاچما دەپ سىلىقتەش يۈز - كۆزگە قوقان ،

جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس.

دىھقاننىڭ بەختىگە سانىما قارا!

دىھقاننىڭ قەلبىنى ئەيلىمە يارا!

دىھقاننىڭ يولىغا قازمىغىن ئورا!

كىم دېدى:دىھقانىڭ قېنىنى شورا؟
دىھقاننىڭ بېشىنى سىلا ھال سورا،

جاھاندا ھەممىدىن دىھقان بولماق تەس.

دېھقانمۇ ياشىسۇن ،كۈلسۇن يايرىسۇن ،

دېھقانمۇ جاراڭلىق ئۈندە سايرىسۇن.

دېھقانمۇ كۆكلىسۇن ،ئۆسسۇن - ئاينىسۇن،

قازنىنى ماي كۆرسۇن ،شورپا قاينىسۇن.

<<ئۇھ...>>دېسۇن ،ھېيت - بايرام ،مەشرەپ ئوينىسۇن،

جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس.

سەن بىزدەك گەردىنى قاتقان نەدە بار؟
مۇھ يەپ ،شاخقا تىغ چاپقان نەدە بار؟
تۈز بەرگەن تۈزلۈقنى چاقان نادە بار؟
ئەل يۈرتنى دېھقاندەك باققان نەدە بار؟

ئېيتمىساق بولمايدۇ ئۇنىڭ دەردى بار!

جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس.

شائىرمەن دېھقانىنىڭ باغرىدا ئۆسكەن ،

شائىرمەن ئۇ بەرگەن زاغرىدا ئۆسكەن.

شائىرمەن ئۇنىڭ ئاش تاغرىدا ئۆسكەن ،

شائىرمەن توي كۆرگەن - ناغرىدا ئۆسكەن.

يالغاننى يازماقتىن راست سۆزلەش تەسكەن ،

تەس دېسە جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!!!

1995 - يىل 1 - ئاي خوتەن

<< دېھقان بولماق تەس >> دېگەن شېئىرىم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، دوراپ يازىدىغانلار بىر مۇنچە << تەس >> لەرنى يېزىشتى. يېقىندا بىرەيلەن << هاراق ئىچمەك تەس >> ماۋزۇسىدا بىر ھەجۋىي تەييارلاپ سورۇنلاردا ئوقۇپ يۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ كۆچۈرۈلمىسى خوتەنگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ مۇشائىرىنى يازدىم. . . . . .

روھنى پاكلاش تەس ( روزى سايىت)

ئاڭلاپ قالدىم، بۇرادەر، بىر پىيەنچۈك ناكەس،
كۆتۈرۈپتۇ نالە - پەرياد ( ئۇنى شۇنچە پەس،)
دەپتۇ: << ئىچمەي تۇرالمايمەن بىردەم، بىر نەپەس،
ئازغا قانماس نەپسىم، كۆپى قىلدى رەسۋا مەست،
دېھقان بولماق قانچىلىك ئىش، هاراق ئىچمەك تەس<< ...

<< هاراق دېگەن قوناق سۈيى _ ئىچىپ < خوش! > دەيمەن،
مەينى كۆنلەپ بوتۇلكىدىن < ماڭا توشى! > دەيمەن،
مەھبۇبەم بول، ۋۇجۇدىڭنى جانغا قوش دەيمەن،
ئىچمەسلەرنى ئەركەك ئەمەس، بىلى بوش دەيمەن،
دەيمەن دېھقان بولماقتىنمۇ هاراق ئىچمەك تەس ›› ...

ئاڭلىشىمچە ئېزىپ ئۇ < زات > ئەزىملىرىنى،
مەيگە چىلاپ دات جىسمىنىڭ رەزىملىرىنى،
پاراكەندە ئەيلەپ شادلىق بەزىملىرىنى،
بۇزۇپ ئوقۇپ ئۆمەر ھەييام نەزىملىرىنى،
قاخشايدىكەن، دەپ: ھەممىدىن هاراق ئىچمەك تەس...

<< ئاز ئىچەيلى، ساز ئىچەيلى >> دەيدىكەن باشتا،
سەل قىزىسا قالدىكەن رومكا تالاشتا،
كۆڭلى ئاينىپ قەيدىن كېيىنكى كالپۇك يالاشتا،
تۈگەيدىكەن سورۇن جىدەل - كالپۇك ياماشتا،
دەركەن مەجرۇھ هالدا ۋايساپ << هاراق ئىچمەك تەس >>...

ئىقرارىچە، يۇمۇر - چاقچاق ئېيتاركەن دەسلەپ،
ئىچكۈزەركەن كىم ئېزىقسا ئۈچ رومكا، قەستلەپ
يىغلايدىكەن، يىغلاتقىنى << ئانامنى ئەسلەپ >>
چۈشىدىكەن خورەككە كېيىن مىجەزى پەسلەپ،
غىڭشىيدىكەن دەپ: هەممىدىن هاراق ئىچمەك تەس..

ئادىمىيلىك قىممىتنى تونالماي ئۇ << زات >> ،
رېستوراننىڭ نامى چىقسا تۇرالماي ئۇ << زات >> ،
خەق كەينىدىن سوكۇلداپ - هېچ ئۇيالماي ئۇ << زات >> ،
مۇتقا ئىچىپ، ئۆزى بىر رەت قۇيالماي ئۇ << زات >> ،
دەيدىكەن: ئاھ، هەممىدىن بەك << هاراق ئىچمەك تەس >> ...

دەركەن: پۇلۇم بولسا كۈلرەڭ - تۆت باش سىزىلغان،
جوزام بولسا توخۇ، ئۆردەك، بېلىق ... تىزىلغان،
مەيىم بولسا << ئىلىنىڭ ! >> دەپ ماركا يېزىلغان...
هېچقايسى يوق، ئالەم خەسىس، ئالەم بۇزۇلغان!
<< دېھقان بولماق تەس >> مىش تېخى، هاراق ئىچمەك تەس... !

ئامەتلىككە نازىننىلار ئىتىپ قىشنى،
مۇلازىملار ئۇدۇللايدۇ بىلق بىشنى،
<< چاپانچى >> چايناپ هارماس توخۇ تۆشنى،
تەقدىر نىچۈن ئايار مەندىن پاخلان گۆشنى؟

ئاه، ھەممىدىن بۇ جاھاندا ھاراق ئىچمەك تەس... !

توۋا دەيمەن، خەق مەردلىكتە كولىشار يانچۇق،
ئوت چاقنىتار كۆزلىرىمدىن تومپايغان قاپچۇق،
جىنىم قاخشار سوقۇشقاندا رومكىسى<< جاق - جۇق >>،

(رومكا تۇتقان ئاق ئالىقاندا نەدە قاپارچۇق؟)

شۇڭا دەيمەن: ھەممىدىن بەك ھاراق ئىچمەك تەس...

__مەست ئەمەسمەن __ مەستانىمەن، مەستلىك - قاراملىق،
قاراملارچە ئىچ ! << مەي ھالال ، كەيپى ھاراملىق >> ،
نەق ئىمان شۇ مەي خۇمارى بەرگەن ئاراملىق ،

قىلغاي شاراپ خۇي - مىجەزنى قابىل، ياراملىق... !

دەيمەن شۇڭا: مەست بولغىدەك ھاراق ئىچمەك تەس...

ئىچەلمەسلەر << ئىچمەي >> دېسە، بوپتۇ دىمەيمەن،
<< كىم قولۇمنى ياندۇرغان ؟ >> دەپ چىشنى بۆلەيمەن،
<< شاتىراقلىق >> تا تەخسە چېقىپ، پۇلنى تۆلەيمەن،
يولغا چىقىپ لەيلەپ، تەننى لايغا ملەيمەن،

ھۇشسىز يىتىپ، غىڭشىپ دەيمەن: ھاراق ئىچمەك تەس...

رۇستلىيالماي لەڭپۇڭ كەبى لۆمشتىپ تىزنى،
<<  ئوۋ ئۇچرىدى >> دەپ مەستلىكتە قوغلايمەن قىزنى،
<<  دادامكەنغۇ ؟ >> دىسە، دەرهال كاچاتلاپ يۈزنى،
لەنەتلەيمەن، بولىشچە هاراق دەيۈزنى،

هالىم ئاشۇ هەممدىن بەك هاراق ئىچمەك تەس...

تامبال تىزدا ... دەرەخلەرگە مەڭىز يەملەيمەن،
قىستاپ كەلسە هايا قىلماي يولنى نەملەيمەن،
كۈندە زەخمە ، كۈندە زىدە ... كۈندە ئەملەيمەن،
بۇنچە جىق پۇل نەدە ؟ ئۆيدىن قاساپ جەملەيمەن،

ۋاي بۇ غەمنى، هەممدىن بەك هاراق ئىچمەك تەس...

ياندۇرالماي خىخىردەككە كەپلەشكەن قەينى،
قەي ئىچدىن سۈزەلمەي شۇ سۆيۈملۈك مەينى،
ئوڭشيالماي ئىسلگەن باش، تارتىشقان پەينى،
تىڭشاپ يىتىپ << دىهقان بولماق تەس >> دىگەن دەينى،

دوراپ دەيمەن: هەممدىن بەك هاراق ئىچمەك تەس...

تەنگە ئەمەس، ئەقلۇ هۇشقا قەست قىلغان هاراق،
ۋىجدان، ئىمان، پەزىلەتنى << مەست >> قىلغان هاراق،
روهنى بۇلغاپ، ئاڭنى مەجرۇه، خەس قىلغان هاراق،
مىللىتىمنىڭ هال - كۈننى تەس قىلغان هاراق،
چىن ئىنسانغا، راست، بۇ كەمدە هاراق ئىچمەك تەس ؟

<<  هاراق ئىچمەك تەس >> ئىكەنۇ، تاپماي ئاسانىنى،
<<  تەس >> كە كۆنگەن، قويە، سەندەك هالى سەرسانىنى!
ئىيت، بۇ كۈنگە قويغان نىمە ئەهلى ئىنسانىنى ؟

بىلەلمىگەچ زۇلمى ستەم، خەيرۇ ئېھسانىنى،

ھاڭۋېقىشتا دېدىك يىغلاپ: ھاراق ئىچمەك تەس...

كاساك ئوچۇق، رومكاك پۇچۇق، ۋىجدان يېرىك دەز،

بېشىڭ قاپاق، كۆزۈڭ چاپاق، كالپۇكلىرىڭ گەز،

ئورنۇڭ پەستە، كۇنۇڭ تەستە، يۈزۈڭ قىلىن - بەز،

__ئەل ئەختەردە، سەن خەتەردە! __ دېسە، مىس قىل - سەز؟

پەرۋايىڭ يوق، دەيسەن تىنماي: ھەرەق ئىچمەك تەس...

<< ھاراق ئىچمەك تەس >> ؟ - بۇ تەسلىك كىمنىڭ سورىدىن ؟

نومۇس قاخشاش مەي ئۈتمسە گالنىڭ << نو >> رىدىن!

دېھقان بولماق تەس - بۇ تەسلىك كىمنىڭ زورىدىن

بىز كۇلەمدۇق دەردمەنلەرنىڭ تەلەي شورىدىن؟

ئېيتە، ھاراق ئىچمەك تەسمۇ دېھقان بولماق تەس؟... !

ھاراقكەشلەر، ئۇنتۇپ قالماڭ ئەسلىگىنى سىز،

سۇرۇشتۇرۇڭ دېھقانمۇ يوق، نەسلىگىنى سىز،

مەيدىن ئەمەس، شاندىن ئىزدەڭ ۋەسلىگىنى سىز،

پاكلاڭ ۋىجدان - روھنى، باھار پەسلىگىنى سىز،

روھنى پاكلاش تەس، ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!!!

1997 - يىل 3 - يانۋار، خوتەن

كېسۋەتمە ئۆرۈم چېچىگىنى!

روزى سايىت

ئۇيغۇر قىزى، چېھرىڭدىن نۇر تارايدۇ،
گۈزەللىكىڭ ئاشىقلارغا يارايدۇ،
يۈزىڭنى ئاي، كۆزىڭنى كۈن مارايدۇ،
ــ كەبىمە ئاشۇ ئۈزۈن ئۆرۈم چېچىڭنى

بەستى - بويۇڭ ئوخشايدۇ ئۈز ئارچىغا،
لېۋىڭ غۇنچە، قاڭشىرىڭ تۈز ناچىغا،
چېچىڭ ، بىلسەڭ جان بېغىشلار بارچىغا،
يات ھەۋەستەقول ئۈزاتما قايچىغا ،
كەبىمە ئاشۇ ئۈزۈن ئۆرۈم چېچىڭنى!

ئەركىدە قوي چېچىڭ بەلدە سويلىسۇن،
شەيدا كۆزلەر قاراپ - قاراپ تويمىسۇن،
تاڭ سەلكىنى ئۇنى تاراپ ئوينىسۇن،
كۆز تەگمىسۇن بىزنى دەردتە قويمىسۇن،
كەبىمە ئاشۇ ئۈزۈن ئۆرۈم چېچىڭنى!

چاچ ئەمەس ئۇ، باشتىكى تاج - زىننىتىڭ،
ئۇ غۇرۇرۇڭ، ئەسلى قەدىر - قىممىتىڭ!
ئۇ بايلىقىڭ، چېۋەرلىكىڭ، ھىممىتىڭ،
ئاسرا ئۇنى، پەخىرلەنسۇن مىللىتىڭ،
كەبىمە ئاشۇ ئۈزۈن ئۆرۈم چېچىڭنى!

بىلىپ قويغىن: ئۇيغۇر قىزى ــ شەرىقلىقسەن،
شەرمىڭ بىلەن پۈر باھاسەن ــ نەرىقلىقسەن،
شۇ چاچ بىلەن ھەركىملەردىن پەرقلىقسەن،

شۇ چاچ بىلەن پەخىرلەنسەڭ ھەقلىقسەن،

كەسمە ئاشۇ ئۇزۇن ئۆرۈم چېچىڭنى!

يىگىت كۆركى بۇرۇت، بىلسەڭ قىزنىڭ چاچ،

تۇخۇم چاپقىن چۇشسۇن تېقىم، تىزغا چاچ،

ھەسەد قىلىپ قول چىشلىسۇن << كۆزى ئاچ ›› ،

سالسا شەيتان دەي - دەيگە توپا چاچ!

كەسمە ئاشۇ ئۇزۇن ئۆرۈم چېچىڭنى!

يارىشىملىق، بەلەن چاچقا قەست قىلما،

ئۇنى كېسىپ قىممىتىنى پەس قىلما،

يىگىلەرنى مەيۇس، خامۇش _ مەست قىلما،

مودا قوغلاپ ئالتۇننى خار _ خەس قىلما،

كەسمە ئاشۇ ئۇزۇن ئۆرۈم چېچىڭنى!

باغقا قارا، چاتقاللىقمۇ بار، رەنا بار،

ئەلگە قارا، غاپىلمۇ بار ، دانا بار. . .

چاچقۇ شەكىل ، شەكىلدىمۇ مەنا بار،

ئېيت ، قەيەردە سەندەك زىبا، بەرنا بار؟

كەسمە بەرنا ئۇزۇن ئۆرۈم چېچىڭنى. . . !

1995- يىل مارت، خوتەن.

ئاھ ! مېنىڭ مىللىتىم

# روزى سايىت

## 1

نەسەپتە كۈللى ئالەم ئىتراپلىق مىللىتىم باردۇ ،

ئوغۇزپۇشتى - مۇقامى كاتتىلىقتا زىنىنتىم باردۇر.

يۈسۈپ ، ماخمۇت كىتابىغا يېزىلغان نى باھادىرلىق ،

يەنە تاڭ قامۇسىدا قەيت ئەجرىلىك مېھنىتىم باردۇر.

يىپەك، قاشتاش ، گىلەم ،بۇغداي ،بىدە ، قەغەز.....گە بىز ھەغدا ،

(بۇنى جاڭچىئەنمۇ تەستىقلايدۇ تۆھپەم قىممىتىم باردۇر. )

قەدىم تۆھپە يىراق ئۆتمۇشكە تالىق ماختىناي قانداق ،

قۇياشلىق تاڭدا يۈكسەلمەككە تاغدەك ھىممىتىم باردۇر.

مىنىڭ بۇ مىللىتىم شۇنداق << قىرى >>، ياق نەۋجىۋان مىللەت ،

بۇ مىللەتنىڭ بۈگۈن ، ياق ، ئەتىسىدە تەن - تىنىم باردۇر.

مىنىڭ مىللىتىم<< پەگا>>غىمى چۈشكەن<< تۆر>>گىمۇ چىققان ،

بۇ ھەقتە سۆزلىسەم شان - شەۋكىتىم گاھ ئىللىتىم باردۇر.

ئۆزىنىڭ مىللىتىنى يەرگە ئۇرماس ھېچ كىشى زىنھار ،

مىنىڭ بۇ<< تىللىشىم>>دا تەكتى ھۆرمەت خىزمىتىم باردۇر.

## 2

بۇ مىللەت شەنىنى يايغان جاھانغا ئوم ئۇيۇشقاقلىق ،

ھالال ئەمدى چىچىلدى قۇم كەبى ، تەستەك قويۇشماقلىق.

ھەررەتلىك دىل ، ھەسرەتلىك گەپ ، ھەسرەتلىك كۆز .... شۇڭا دائىم ،

ئارام تاپمايدۇ كولاشتا ، تىخى كولاپ تويۇشماقلىق.

خىيالدا ئىلىم ئىرپان ئەمەس جاڭجال ، رىيا ، پىتنە ،

ئەدەپ - ئەخلاقنى يەم قىلدى قىزىل كۆزلۈك ، ئۇرۇشقاقلىق.

كىچىكلەر چوڭغا بى ھۆرمەت ، ئەپۇ خالىماس چوڭلار ،

ئۇدۇم بوپ قالدىغۇ چۆجە خورازدەك تۇرۇشماقلىق.

«مۇھابەت - سۆيگۈدە گۈللەيدۇ ئالەم ، زىتلىشىش نەسلىك ،

بۇ نەسلىك يولنى تار قىلغاي >>نى ھىچ ئويلاپ قويۇشماقلىق.

كىشىنىڭ چىن ۋاپا ، ئىخلاستىن ئارتۇق غەمخۇرى نەدە ،

بۇ مىللەت ئۇشبۇ غەمخۇرلۇق بىلەن سۆھبەت قۇرۇشماقلىق.

ئىلىم پەن راك بىلەن ئەيدىزگە تاپتى - تاپقۇسى مەلھەم ،

بۇ مىللەت خەۋپى راك يەڭلىغ مىجەزىنى تونۇشماقلىق.

3

بۇ مىللەتتە << ساقاللىقلار >> ناماز خانلىقا يۈزلەندى ،

<< ساقالسىزلار >> لاغايلاشقا ، مەمەدانلىققا يۈزلەندى.

ئويۇن پەزلەر سوقۇپ تاش بىلەن تاشنى كۆكۈل ئاشسا ،

<< كارا ok >>تانسكەش >>نىڭ ۋاقتى بىزمانلىققا يۈزلەندى.

جاھان نەدە ، ئۆزى نەدە ؟ بۇنى ئويلايدىغانلار ئاز ،

ھەجەپ ئىش ، پەيلى - خۇيدا بەخرىمانلىققا يۈزلەندى.

پاسۇن - مودا كىيىم ، چاچ نۇسخىسى سۆبەتكە ماۋزۇ ،

ياساتماقلىقنىڭ غىمى ھالى پەرىشانلىققا يۈزلەندى.

<< يىرى كەڭ ، بايلىقى مول ، خەلقى ئەمگەكچان >> ئاتالغان يۇرت ،

ھوزۇرلۇقتا كۈنى ئىست ، خەيرى - ئىسھانلىققا يۈزلەندى.

بۇ مىللەت ئىلىم -ئىرپان ، كەشىپ - ئىجاتتا تۆھپىكار مىللەت ،

نىمىشقا ئەمدى << ئەقلى كالتەك ئىنسان >> لىققا يۈزلەندى ؟

بۇ مىللەتنىڭ غىمدە تۇرسا دەۋران ، يۆلىسە ھەدەپ ،

ئىمشقا يۆلگەنچە سالپۇ - سەرسانلىقا يۇزلەندى ؟......

## 4

بۇ مىللەتنىڭ قىننى بۇزدى يۇرتۋازلىق ، خوتۇننازلىق ،

ئاڭا ياندىشتى مەيخۇرلۇق بۇ << بازلىق>> لار قىلىپ ئازلىق.

<< قەيەرلىككەن ؟ >> بىلەن ئۆلچەپ << ياماننى >> <، ياخشىنى >> توۋا ،

ئىمانى ، جانىنى باردى جانانلار تانسا قاش نازلىق.

ئىچىپ مەي زورلۇنۇپ - زورلاپ ، ئەقلىنى مەي بىلەن خورلاپ ،

كۆزنى مەستلىكى تورلاپ ، قىلىشت غەمزە - غەمزارلىق.

بۇلارمۇ يەتمىگەندەك ، كۆر ، چىقاردى باشقىچە ئادەت ،

گۇرۇھ ئايرىپ ، جىدەل ئىستەپ ، ، گۇناندا ئۆتتى ھەمزارلىق.

ئۇ چىشلەپ ، بۇ تىپىپ ، ئۇ كوچىلاپ ، بۇ چوبىچىلاپ ...ھەيھات ،

ئاداۋات غەم - مۇراتتا دىل يىرىنى ئەيلىدى سازلىق.

ئۈگەنمەك يوق ، تىرىشماق يوق ، ئىلىم تەھسىلگە قىلماق زوق ،

يەنە قىپقالدى بىرمۇنچە ئىسىل خۇي ، خۇيدا رەڭ ۋازلىق.

ئارام تاپسا سوقۇشتۇردى ، تالاشتۇردى ، خوراز ، ئىتنى ،

جاھاندا بارمۇ بىر مىللەت سۇپەتتە ئۇشبۇ ئەندازلىق ؟

## 5

مىنىڭ بۇ مىللىتىمنىڭ غەپلىتى ئۇندەيدۇ چۇقانغا:

- ئەجەپ مىللەت ئىدىڭ بوش كەلمىگەن كۆپ نوھى توپانغا.

جاھالەت دەۋرى پۈتكەندە ، زاماننىڭ زورى يۈتكەندە ،

سىنىڭ روھى راۋانىڭ دەسسىدى ئىللەتتە قاپقاننى.

<< ئىتىز ، بۇغداي ، قوناق ..>>ئۆزگىسى يادىڭغا كەچمەيدۇ ،

ئەقىل ، كۈچنى خوراتتىك ئەسكى كەتمەن _ << گۆپپۇ - گۆپپاك>> غا.

<<ئوقۇيمەن !>> دەپ تىرەجەپ يىغلىسا سەن زورلىغان تويغا ،

يىشى ئون ئۈچ دىلبەرلىك - قىزلىك ئايلاندى چوكانغا.

ئوماق ئوغلۇڭ زامانى پەن كۆككە ئۆرلىمەكچىدى ،

چىقاردىڭ مەكتەپتىن باقتى قوي - ئايلاندى چوپانغا.

ئايال - مەزلۇملىرىڭدىن قىزغىنىپ نۇر ، ئاسقۇزۇپ چۈمبەل ،

<< بۇگۈنكى ئۆيكە ئەلا>> دەپ پۈچەك دان توشتى دوپپاڭغا.

قىنى ، ئىيت مىللىتىم ، دائىم ئۆتەمدۇ كۈنلىرىڭ شۇنداق ،

ھەۋەس ئەيلەشتە كۆز چىچىقلىتىپ ياتقانغا ، قويقانغا ؟....

6

خىيالىم شۇ : مىنىڭ بۇ مىللىتىممۇ نۇر قۇچالايدۇ ؟
نادانلىق ئىللىتىنى ئىلمۇ - ئىرپاندا پىچاقلارمۇ ؟
جاھان نۇر تىزلىكىدە ، بەلكىم نۇردىن تىز سەپەر ئەتمىش ،
<< قورساق>> تىن نىرىغا ئۆتمەس نىچۈن گەپ - << ۋاچ - پاچاقلار>> مۇ ؟
رىقابەت ، مەرىپەتنىڭ ئالىمى بۇ - باشقىچە ئالەم ،

ئىلىكتىرلەشتى بۇ كەمدە قازان ھەم چۈمۈچلەرمۇ.

پەقەت بىزلام تىرىپ تەمەچ ، پاسار ياقساق تونۇر مەشكە ،

پىتىدىن چۈشمىسە توۋا ، قەدىم تاش يارغۇچاقلارمۇ:

ھاراقتىن بىر تۈرۈشتا قانچىلىك ئىچمەكتە بەسلەشسەك ،
دەرىخا ! ئەقلى - ئىدرەكنى بۇ قاششاقلىق پاچاقلايدۇ ؟
جاھان مىللەتلىرىنىڭ سەپ - قاتارى بىزگىمۇ مەنسۇپ ،
بۇ مەنسۇپلۇق<< بىلىش >>تە ! بىز بىلەلمەس دۆت - قاپاقلارمۇ ؟
ئۈنتۇما مىللىتىم ، ئاۋالقىسى پۇشتۇڭغا تەۋا شان ،

سىنىڭ شانۇڭ نىمە ، سۇنغان ساپال ، دات تىغ ،رۇچاقلارمۇ ؟!

7

مۇسەننىپ ، بول ئۇمۇتۋار ، مىللىتىڭ ئىقبالدا ياشايدۇ ،

تىپىپ بىرلىك كۈچىدىن كۈچ قەدەمنى پۇختا تاشلايدۇ.

ئۇنى ئويغاتتى ئىسلاھەت تىگى ، غاپىللىقى يۇتكەي ،

ئەمەس ئانچە ئۇزائى توي مەزگىلى ، مەشرەپمۇ باشلايدۇ.

ئۇمۇتلەن مىللىتىڭنىڭ ئەتىسىدىن ، سۆيگۈسىدىن ھەم ،

شىرىن پەرھادىنى ، لەيلىسى مەجنۇننى باغاشلايدۇ.

ئەمەس ھىچقانچە مىللەتنىڭ كۈچى ئۆزىنى بىلگەنگە ،

نى ئىللەت تاغنى ، ئۆزىنى بىلگەنلەر پاچاقلايدۇ.

ئەقىل - ئىدرەكنى قاشتاشلىق تۇتالماس ئىلكىدە ئەمدى ،

دەۋىر تۇرغاچقا پاكلاپ روھنى ، غاپىللىق ياۋاشلايدۇ.

كىرەم ، دىلبەرگە باق ، مىللەتنى كۆر ، روھلان ، خۇيۇڭنى تۈز ،

ئىشەنمەسلەر ئۆزىگە << قىل >> نى << پىل >> دەپ ، غەم ھاپاشلايدۇ.

جامائەتكە ئەجەپ جىق سۆزلىدىڭ روزى ، يەنە سۆزلە ،

دىگىن : ئۆزىنى بىلىشتە مىللىتىم گۈللەيدۇ ، ياشنايدۇ!

1993 - يىلى ئۆكتەبىر ، خوتەن

## يىگىت

روزى سايىت

جان ئاتامنىڭ ئىپتىخارى - مەستلىكى مەن ئەر - يىگىت،
جان ئانامۇ مىڭ سۆيۈشتە،مىڭ كۆيۈشتە دەر يىگىت؛

- بىز سېنى باقتۇق ئۇمىد - ئارزۇدا،ئارزۇلار بۈيۈك،

ئەل - يۇرت ساڭا ھەقدار بۇگۈن ئەل غېمىنى يەر يىگىت.

ئۆتتى بۇ گەردۈن پەلەك ئايلانمىشدا كۆپ ئەسىر،

ئۆتتى مەنزىللەر ئېتىنى قامچىلاپ ھەر - ھەر يىگىت.

ئۆتكىنى - كەتتى،بۇگۈن دەۋرىڭ سىنىڭ ئىلكىڭدە قۇت،

تاپ كامال ئەجرۇ - تەرىڭدىن ئاچقۇزۇپ ئەنبەر يىگىت.

سەنمۇ دەيسەن،مەنمۇ دەيمەن ئەر غېمى ــ ئەلنىڭ غېمى،

جان غېمى ــ نامەرد غېمى،مەن مەرد يىگىت مەن زەر يىگىت.

## بەش ئاچىماق

بۇ غەۋغايى جاھان قايناق بازار - رەستە،

چاپار، يۈگۈرەر جىمى جان ئۇندا بەس - بەس.

ئۇ شۇنداق بىر«بازار»كى مال - تاۋارى كۆپ ،

پۈتەر ئەمما كىشىنىڭ سودىسى تەستە.

ئۆمۈر خەجلەيدۇ ھەركىم مۇددىئا كۆزلەپ،

ۋىسال، غايە، تەقەززا... تەڭلا دەمبەستە.

بىرى بۇندىن مۇراد يۈكلەيدۇ نارىغا،

بىرى قايتقاي قۇرۇق قول پەيلى ھەس - ھەستە.

بىرى گۈل - غۇنچىسىز كۆز يۇمسا ھەسرەتلىك،

ئۇزار بىرى قۇچاقتا لىقلا گۈل - دەستە.

بىرىگە باقسا ئامەتنىڭ قۇشى دايىم ،

بىرى قوغلار - قۇشى كۆكتە، ئۆزى پەستە.

بىرى سەرگەزگە زار تويلۇق ئۈچۈن، ئەمما،

بىرى يۈگەك ياسار زەرباپتا، ئەتلەستە.

بىرىنىڭ بەك كۈلۈشتىن جاۋغىيى يىرتىق،

بىرىنىڭ كۆز يېشى دەريا، دىلى خەستە...

بۇ يەڭلىغ سودىغا بەرھەقكى داخىلسەن،

تۇغۇلدۇڭمۇ، تۇغۇلغان جايغا كەتمەستە.

خۇلاسە: بۇ «بازار»دىن نا ئۇمۇد قايتما،

تىرىش، شان قۇچ قىلىپ ئۆمرۈڭنى پەيۋەستە.

## 2

قاراڭ : ئۇسما قاشنى ئەجەق قىلۇر ،

ئېقىن سۈيى تاشنى پىرىپتە قىلۇر.

يورۇقنىڭ پىيدە قاراڭغۇ هامان ،

بۇلۇت گاھ قۇياشنى پىرىپتە قىلۇر.

سۆگەت سايىسى مىڭ هورۇغا پاناھ،

ۋاقىت - ئالدىراشنى پىرىپتە قىلۇر.

مۇھەببەت ئىلاھى شىكاردا ، بىراق،

ئىشق ئىككى ياشنى پىرىپتە قىلۇر.

قەدەھتە ئېغىز، مەي قۇچار سەزگۈنى،

ئۈنىڭ كەيپى باشنى پىرىپتە قىلۇر.

قەسەمدىن ئۆتۈشكەن تۇرۇقلۇق يەنە،

ئاداشلار ئاداشنى پىتىپتە قىلۇر.

قەدىمدىن مۇشۇنداق جاھان - پاندا- -

يامانلار ياۋاشنى پىرىپتە قىلۇر....

بۇ گەپنى ئۆززۈم دەپ، ئۆززۈم رەت قىلاي:

خىيال پەيلى شاشنى پىرىپتە قىلۇر.

ئۆمۈر كار - بارى ئەمەسساختىلىق،

گۇمان شاد ياشاشنى پىرىپتە قىلۇر.

يوغان ئاچسا كۆزنى جاھان شۇنچە ئۇز،

بۇ ئۇزلۇق «ماراش» نى پىرىپتە قىلۇر.

ھايات لوغىتى توم كىتاۋ، راست ئوقۇڭ،

بۇ ، غەيرىي قاراشنى پىرىپتە قىلۇر.

3

تىرىكلىك قىستىغاچ قىم كۆزلىمەس پايدا،

كۆزى خاس پايدىدا كىمنىڭ، پۈتى لايدا.

ئېتىغان مىنمىگىنسەن نەپسى شەيتاننىڭ ،

ئەگەر قالماي دېسەڭ كېيىن «ئاھ-ۋاي-ۋاي...»دا.

ئۇ شۇنداق «ئات» كى چاپقاي نەپ يېمى ئىزدەپ،

ئۇنىڭ ئازغۇن تەمەسى«ئەقلى ئالغاي» دا.

بۇ ئالغايلىق «ھارام، مەكرو»نى پەرق ئەتمەس،

تەقەززاسى ئېزىتقۇ جىلۋە-دالۋايدا.

كىمكى بۇ ئېزىتقۇ دامىغا چۈشسە ،

ئۆزىنى قىلدى پۈچ-پۈچ بەزمە-«ناي-ناي»دا.

ھالال رىزىق گەرچە خام - لاي سۇ - قورساق ئەمەس،

ئېغىز بەتتام بىئەجرى ھالۋا، قەن چايدا.

سېنىڭ پايداڭ تۇپەيلى ئەل زىيان تارتسا،

كۆمەر شەنىڭنى لەنەت كۈندە ھەر جايدا ؛

سېنىڭ پايداڭ يېتىپ، ئەل زەررە نەپ كۆرسە،

شۇ بەختىمدە ، بۇنىڭدىن كاتتا بەخت قايدا ؟!

قېنى ، روزى، سېنىڭ باتىن كۆزۈڭ نەدە ،

شۇ ئىككى پايدىنىڭ، ئېيت ، قايسىسى بار رايدا ؟.....

## 4

نادانلىق - - ئەقىلگە، مەنىگە كۈلپەت ،

ئەقىلسىز نادانلار غەپلەتكە ئۈلپەت.

دانانىڭ رىغبىتى ياقماس نادانغا ،

ناداننىڭ غەپلىتى داناغا پۇرقەت.

نادانلىق ئەتىگە باغلانماس ئۈمىد ،

ئۇ قىلار غاپىللىق يېرىدە ئوقەت.

ئۆتمۈشنىڭ شەۋكىتى، كېلەچەك بەختى،

ناداننىڭ ئېسىدىن كەچمەيدۇ پەقەت...

نادانلىق قەيەردە تېپىپتۇ بازار - - -

يۇزلەندى سەۋرىڭ ئەل - يۇرتقا ئاپەت.

دانانىڭ قەيەردە ئاقماپتۇ لەۋزى،

تۆھمەت - - شاھ، ھەپسىدە تەكتى ھەققەت.

ئەي نادان، بۇلارنى سۆزلەشتىن مۇراد ،

ئۇيقۇڭنى سەگىتىش، قىلساڭچۇ دىققەت!

ئاھ ، نىتەي ، بېشىڭدا غەپلەت ياستۇقى،،

ئاستىڭدا پۈچۈلدى ئىنسانىي قىممەت.

سەن نەدە زامانىنىڭ پەرۋازى نەدە ،

ھەن بىغەم، مەندە يوق بۇنىڭغا تاقەت... !

5

دەيمەن : سوغدا توڭلىغانغا يالقۇن، مەش بولسام ،

ئاچ - زېرىنىنىڭ خامىندا كاتتا چەش بولسام.

<<توقلۇق - شوخلۇق» دېگەنلەرگە قەھرى زىمىستان،

تەكەببۇرغا ئاندىن ئۆتە «گەدەنكەش» بولسام.

دوستقا ئىخلاس، ئىشەنچىمدىن تەكلىسەم شەربەت،

كۆڭلى ئالا گەەپدانلارغا «ئالدىپەش»بولسام.

يۈرۈكۈمگە داغ سالمىسا ئەپسۇس، پۇشايمان،

ئەل بەختىچۈن زەھمەت يېتىپ كۆڭلى غەس بولسام.

بارچە قىسمەت غۇرۇرۇمدىن پەستە ۋە لېكىن،

ئۇنىمايمەن غۇرۇرى يوق پۇتقا كەش بولسام... !

## تۇۋادەيمەن

روزى سايىت

تۇۋادەيمەن،بۇبىرئەۋلات< كىم >لىشىپ كەتتى،

ۋىجدانىنى زەي - شور بېسىپ ،<چىم> لىشىپ كەتتى.

قەشقەرخوتەن ئاشتۇزىدا ئەتلەنگەن تۇرۇپ،

يۇرۇش - تۇرۇش ئوي - پىكردە<رىم>لشىپ كەتتى.

يىگىتلرى ئەردەك ئەمەس روهى زەيپانە،

ئەقلى پۇلپەز،غورورى دەز،<نىم >لشىپ كەتتى.

قىزچاقلرى قىزدەك ئەمەس،شەرمى - ۋاپاكەم،

بىشى چۇۋۇق،كۆكسى ئوچۇق،شىملشىپ كەتتى.

تەگلائەتەخۇسسىغالەۋزى پاراك يوق،

جىسمى كەيپۇ - ئىشرەت بىلەن يىملشىپ كەتتى.

بىشارەت بۇگۇمراهلىقتىن ،يىتۇل غاپىللىق،

پۇرقىتىگدە شائىر تىت - تىت جىملشىپ كەتتى.

## دېهقان

چىدام بەرداشتا ھېچكىم سەنچىلىك مەزمۇت ئەمەس دېهقان،

ئەگەر سەن بولمىساڭ، ئەهلى جاھاننىڭ ھالى تەس دېهقان.

ئۇلۇغسەن، كاتتا سەن، توقلۇق - مەئىشەت كەتمىنىڭدىندۇر،

ئۆزۈڭ بولغاچ، مىڭىڭ ئاش، ئۇستىۋاشىم ئۆكسىمەس دېهقان.

خىنىمنىڭ ئوسمىسى سەندىن، غوجامنىڭ پوسمىسى سەندىن،

سىنىڭ ھاتەم مىجەزىڭدە خەزىنە لىق - پەۋەس دېهقان.

جاپايىڭ كۆپ، بىراق كۆرگەن كۈنۈڭ باغرىمنى ئۆرتەيدۇ،

كىرىمسىز كارۋ - مېھنەت، ئاھ، بېشىڭنى ئەگدى پەس، دېھقان.

كۆزۈڭ ياش نالە - گىرياندىن، گادايلىق قىستى ھەر ياندىن،
تېپىلماس ئۇشبۇ ئالەمدە ئۆزۈڭدەك خارۇ - خەس دېھقان.

سېنىڭ پايداڭغا ئايلانمايدىغان چەرخى پەلەك سىنسۇن،
سۈكۈتكە تاقىتىڭ يوقمۇ، دېگىن بۇ ھالغا بەس، دېھقان.

## ئۆستى

ئۆتتى قىرىق يىل _ يىلدا ياش ئۆستى ،
ئۆتتى قىرىق يىل _ كۆڭۈل شاش ئۆستى ،
ئۆتتى قىرىق يىل _ دوستى - قاياش ئۆستى،
ئەقىل - ئىدراك، كۆز قاراش ئۆستى ،
بارچە شۇنداق ئالدىراش ئۆستى.

شەھرىم ئەزىز ئۆستى باشقىچە ،
بىنا چۈشتى يىتىپ ئاشقۇچە.
پىكاپلاشتى يوللار قاشقىچە ،
تۈزدى ھۆسۈن قىرى - ياشقىچە ،
قەددى - قامەت ، ئۇستىۋاش ئۆستى.

ئاشپۇزۇللار رېستۇرانلاشتى ،
مەيخانىلار چاقچۇق تاملاشتى ،
تاماق سەرخىل :<<شورپا - نان>>لاشتى،
مۇلازىمەت ئەجەپ قاملاشتى ،

سودا سېتىق بىر تۇتش ئۆستى.

باھانىڭمۇ يىرىمى ئۆستى ،
دۇكاندارنىڭ كىرىمى ئۆستى ،
(ئۇيا - ئەڭلىك گىرىمى ئۆستى)
ئورمانچىنىڭ جىرىمى ئۆستى ،
خىزمەتچىدە پۇل - مائاش ئۆستى.

توخۇلارنىڭ ئىقىپ دۇئاسى ،
تۇخۇمنىڭ ئاشتى باھاسى ،
ئۆستى گۆشنىڭ نەرخى - ناۋاسى ،
دىھقانىڭلا يوقتەك خۇداسى ،
مېھنەت ئەجىر بەك ياۋاش ئۆستى.

قىش ياز دىمەي كۆرستىپ ھىممەت ،
بەل مۈكچەيتىپ ياراتتى نىمەت ،
شۇنداقتىمۇ قىلمىدى مىننەت ،
پاختىدىن چىت، داندىن نان قىممەت،
ئاھ، دېھقانى <<يەپ - تالاش>> ئۆستى.

بىر يىل ئىشلەپ دان يىغسا يەردىن ،
پالان - پوكۇن سان يىغسا يەردىن ،
سىز، بىزنى دەپ نان يىغسا يەردىن ،
هاياتلىقچۇن جان يىغسا يەردىن ،
پۇلى ئۆسمەي پاختا ، ماش ئۆستى.

سۈلياۋ يوپۇق ياپمىسا تىنخى...

ئاق ئوغۇتنى چاچمىسا تىنخى...

ئوتاپ - سۈلاپ باقمىسا تىنخى...

ھەممىگە پۇل تاپمىسا تىنخى...

ئىلاج قانچە قاتتىق باش، ئۆستى.

يەرنى تاشلاپ كىتەلمىسە يا...

جىننى جان ئىتەلمىسە يا...

مۇرادىغا يىتەلمىسە يا...

كۈتۈلمىسە،كۈتەلمىسە يا...

ئۇزاق زامان كۆزى ياش ، ئۆستى.

قۇچۇپ كۆكىنى پىغانى ئۇنىڭ ،
بارغانچە يەر تارتقاندا يىنى ،
تۇغدى ئاخىر دىھقاننىڭ كۈنى ،
تاپتى قىممەت بۇغدىيى - دىنى ،
تەرگە لايىق باھا - ئاش ئۆستى!

دىھقان بۇيىل ئاش سىتىپ كۈلسە ،
ئەجىردىن بىر قەنت تىتىپ كۈلسە،
قوپۇپ ،مەيلى يا يىتىپ كۈلسە ،
كۆككە بۆكىنى ئىتىپ كۈلسە ،
قىلماس ھىچكىم دە تالاش - <<ئۆستى؟>>

مەن شەھەرلىك ئاش ئىلىپ يەيمەن ،
نانىنى كۈندە ياش ئىلىپ يەيمەن ،
باھا ئۆستى راست گەپنى دەيمەن ،
ئازىراق ئۇنىغا كۆپ پۇل تۆلەيمەن.
ھەممىيانىمغا بىر تال <<تاش >> ئۆستى.

مەن بۇ <<تاش>>تىن رازى دىھققانچۇن،
<<پۇللۇق ئاش >>تىن رازى دېھقانچۇن ،
تات ياداشتىن ، رازى دېھقانچۇن
كەچسەم باشتىن رازى دېھقانچۇن
دېھقانغىمۇ بىر قاشتاش ئۆستى!

1994 - يىل ئىيۇن ، ئۈرۈمچى

## ئۇيغۇر قىزى

روزى سايىت

ئۈرۈمچى

كۆر ئەنە بىر قىزكى چېھرى،مېھرى نۇر،ئاتەش ئۆزى،
زىلۋا بوي،سەرۋى بەدەن،چولپان كەبى پارلار كۆزى.

چامدىشى ئۇخشار كىيىككە،كۆلكىسى بولبۇل مىسال،
شەرم - ھايالىق باقىشى،شونچە ئەدەبلىك گەپ - سۆزى.

كۆڭلىكى تۇزىنىڭ قانىتى،دوپپىسى رەڭدار چىمەن،
چەككىنى ياغلىق دېمەڭ، ئېپپەت - نومۇسىنىڭ ئەندىزى.

‹سىرت سىياقى شۇنچە،ئەمما كۆڭلى قانداق>دەرسلەر،
ئۇ ئەقىل،ئەخلاق،لاتاپەتتە جاھاننىڭ يالغۇزى.

ئىچ - تېشى ئوخشاش گۈزەلنىڭ تەرىپى بولدى زىكىر،
كىم دېسەڭ ئۇ ــ ــ مەرد،غورۇرلۇق،شەرق گۈلى ــ ــ ــ ئۇيغۇر قىزى.

## ئـــــەر دېـــــمـــــــە

### روزى ســايــت

نەسلىدىن تانغانىنى ھەرگىز ئەر دېمە،
دوستىدىن چانغانىنى ھەرگىز ئەر دېمە.
ئادىمىيلىك قىممىتى چىڭ لەۋزىدە،
لەۋزىدىن تانغانىنى ھەرگىز ئەر دېمە.

تەقدىرىڭنى قاتمىغىن تانغاق بىلەن،
يول سەپىرىدە چىقمىغىن چانغاق بىلەن.
پەرقى چوڭ گۈل غۇنچىنىڭ قامغاق بىلەن،
يولدىن تايغانىنى ھەرگىز ئەر دېمە.

ئىككى نان تاپسا بىرىنى داپ چېلىپ،

ئىككى پۇل تاپسا جاھانچە لاپ ئېتىپ،
ئەمما يۇرتۋاز ئەقلى يوق ئاقىنانچىدۇر،
مەزھىپى قاپقانىنى ھەرگىز ئەر دىمە.

ياخشىلارنىڭ جەننىتى بۇ گۈزەل جاھان،
ياخشىلارنىڭ ئەجرىدىن گۈزەل ماكان.
ئەل بىلەن كىم تىغۇ - شەمشەر، كىم تاكان،
بى ئەقىل ھايۋانىنى ھەرگىز ئەر دىمە.

## مەن - ئەدىب

### روزى سايىت

مەن - ئەدىبمەن،گەپ قىلمايمەن قارىسىغا،
ئوخشىمايمەن موللىكامنىڭ «قارى»سىغا.
كىرىۋېلىپ خا ياغاچنىڭ ئارىسىغا،
پۇتلاشمايمەن خەقنىڭ رەندە،ھارىسىغا،
چاپلاشمايمەن داتتەك زەپەر تارىسىغا.

مەن - ئەدىبمەن،ئەدىبلىكتە ئۇستۇن بېشىم،
ئەل - ئاۋامغا تالىق جىمى كۆلكەم،يېشىم.
ئۆلگەنگە تەك ئەل يادىدىن ئايرىلمىشىم،
كۆي قاتىمەن ئايلىنىپ دىل پارىسىغا.

ئەل رايىغا ياقىنى ھەر نەزمەمدە بار،

ئەل مەشرىپى - مىنىڭ ئۇسسۇل،بەزمەمدە بار.

ئەل مىزانى هامان«مىزان»غەزنەمدە بار،
كېرەك بولسام«هەمياندا بار،هەمدەمدە بار»،

مەن چاكار ئەل - يۇرتۇمنىڭ ئىش - كارىسىغا.

باللارچە كۈلكەم - «ۋىلىق - ۋىلىق»لىرىم،
ياشلار بىلەن ئوخشار شوخلۇق،قىلىقلىرىم.
ئاشىق - مەشۇق تىنىقىدەك تىنىقلىرىم،
رەقىپكە مۇشت مىسرادىكى ئىملىقلىرىم،

پىكرىم مەلهەم دەردمەنلەرنىڭ يارىسىغا.

ئۆسمۈرلەرنى«كىچىك گەپ»تە شات قىلىمەن،
لازىم دىسە تال چىۋىقنى ئات قىلىمەن.
«خوراز»،«ئۆردەك» تەلەپپۇزۇم - «غات!....»قىلىمەن،
ئۇلارنىڭ هەر هاجىتىنى پات قىلىمەن،

بار ئىشقىمنى ئاتاپ دەۋران ۋارىسىغا.

ياشلارنى دەپ ئىجادىممۇ ياشلىنىشىدۇ،
تەپەككۇرۇم بارغانسىرى شاشلىنىشىدۇ.
مەن يازىمەن،قىز - ئوغۇللار ماسلىنىشىدۇ،
يازغىنىمنى بىيىت قىلىپ تاشلىنىشىدۇ،

جۆربولدۇم لەۋزىم تويىنىڭ ناغرىسىغا.

ئۇلۇغلايمەن ئاشىق - مەشۇق ۋاپاسىنى،

قۇچاقلايمەن سۆيگۈمدە تاڭ ساباسىنى.
جاكارىم شۇ:يەڭمەي ئىشىق جاپاسىنى،
ياڭراتقىلى بولماس مۇراد ناۋاسىنى،
بېلى بوشلار چىقالماس بەخت مارىسىغا.

ھەقىقەتتىن ساپلانغان تىل بازغانلىرىم،
«ئەگرۇ»بىلەن ھەپىلەشكەچ يازغانلىرىم.
قوغدىغاچقا گۈلنى«تىكەن - ئازغان»لىرىم،
دوستلىرىمغا ياققاچ«خەندەك قازغان»لىرىم،
ئەل ئوخشىتار مېنى «سۈرگە دورىسى»غا.

بولغاچقا تاڭ كۆزلىگىنىم - مەنزىللىرىم،
ئەلدىن كېلىپ،ئەلگە قايتقاچ تەمسىللىرىم.
پاكلىق ئۈچۈن ھەمدەم بولغاچ ھەزىللىرىم،
قانچىلىك چىش غۇچۇرلاتسۇن«رەزىللىرىم»،
قامچام تېگەر نەق شۇلارنىڭ ساغرىسىغا.

ھە دېسىلا مەستانىدەك نالىمايمەن،
تۈزنى ئەگرى دەۋېلىشنى خالىمايمەن.
«ئەپقاچتى گەپ» - تەمەچتە ئوت قالىمايمەن،
ئىلھامىمنى يەردىن كۆككە پالىمايمەن،
ئۆز مەپەم بار چىقمايمەن خەق ھارۋىسىغا.

سىغىشمايدۇ تەپەككۇرۇم «ئۈچ باز»بىلەن،
«شۇئارۋازلىق،قېلىپبازلىق ۋەكالىندارچىلىق»

تۈۋلىمايمەن ناخشا سۆزىنى ئاۋاز بىلەن.
كالىندارغا بېقىپ نەپىلىك مەجاز بىلەن،
ھېجايمايمەن قاش ئۈينۈتۈپ پەرداز بىلەن،
پەيلىم سانجۇر ئۇنى خاسلىق ئارىسىغا.

مېنى ناۋا قىلدۇرغىنى ئانا تىلىم،
ئانا تىلدا پۈتمەس تارىخ،سانسىز بىلىم.
ئۇ«كىچىك تىل»،ئۇ چۈچۈك تىل - مىنىڭ خىلىم،
چاتىقىم يوق خەق نېمىدەپ قويسا غېلىم،(«ئۆكتە»دىگەن مەنىدە)
مەن بۇ  تىلنى تېگىشمەيمەن پارىسى.....غا.

ئەسلىم دېھقان،نەسلىم دېھقان،بىر ئېغىز گەپ!
چاپار قەلەم تۇلپارىم شۇ دېھقانىنى دەپ.
ئىجادىمدىن يەتسە ئازراق دېھقانغا نەپ،
بېشىم كۆكتە،ئۆمۈر ئاخىر شادمەن ئەجەپ،
كۆڭلۈم يېقىن شۇڭا نەسلىم ئاراسىغا!

ئەقلىم تاڭدىن ئەمگەچ دوستلار نۇرى - زىيا،
كۈي ياڭراتسام تەھسىن ئوقۇر بۇلبۇلگويا.
ئىجاد - مېھنەت تەختگاھىم - شاھمەن گويا،
خەزىنەمدە ئەركىن پىكىر،قەلەم ،سىياھ...،
ھەسەل سۈركەپ يەيمەن ئەجرىم زاغرىسىغا.

مەن ئەدىبمەن،يۇرت ئالدىدا بۇرچۇم تالاي،

ئەلگە چاكار ئاللىكىمگە ئەمەس مالاي.

ئۆز-ئۆزۈمگە دەيمەن:«مەڭگۈ شۇنداق قىلاي،

مەنىڭى باغ ئۈچۈن قاشا،چوپان بولاي،

تېگەلمىسۇن بۆرە هايات چارۋىسىغا... ».

ئەل ۋەتەننى ئويلاپ دېدىم نېمىدىسەم،

ئېيتقانلىرىم ۋىجدان سۆزى-ئەهدۇ-قەسەم.

لەۋزىم هالال،قەسىمىگە كېپىل ئۆزۈم،

قانداق ئەرمەن«كۆك يىقىلسا مانتا يېسەم»؟

ئويلاپ دېدىم،سۆزلىمىدىم قاراسىغا

!.....

## بىر قەبرىنىڭ ئالدىدىن ئۇچىرغان شېئىر

روزى سايىت

بۇ لەهەت ئىچىدە بىر زات يېتىپتۇ ،

دۇنيانىڭ غېمىدىن ئازاد يېتىپتۇ.

تىرىكى جاهانغا پاتمايتى،توۋا ،

ئۆلۈكى-بىر غۇلاچ يەرگە پېتىپتۇ.

گەپدانتى -هېچكىمگە گەپ بەرمەيتى ئۇ ،

سورىساڭ بىلگەننى دەپ بەرمەيتى ئۇ ،

خەق تۇگۇل ئۆزىگە نەپ بەرمەيتى ئۇ ،

ئەمدى «نەپ»ئىستەشتە جىسمى قېتىپتۇ.

بۆلەكچە تىپ ئىدى - ئۆلۈپ باقمايتى ،
ئىمتىياز ئۈتتۈقنى بۆلۈپ باقمايتى ،
بىراۋنىڭ چېھرىگە كۈلۈپ باقمايتى ،
ئاڭلىساق گۆردىمۇ كەكرى سېتىپتۇ.

كېلىننى ئوغلىدىن كۈنلەيتى دائىم ،
قىزنىڭ ئېرىنى دەيتتى «بول سايىم» ،
قۇدىسى كەلسىغۇ قىيامەت قايىم ،
شۇلارنىڭ دەردىنى ئەمدى تېتىپتۇ!

دېمەڭلار :«كۆنگەن خۇي ئۆزگەرمەس ئېمىش ،
(باقى)دا تەقسىملەپ يۇرگەندۇ يىمىش ؟...»
ئۇ ،يىمىش بار باغدا قىلدۇ نېمىش ،
«پانىي»دا قىلغىنى بەندكە چېتىپتۇ!

ئاڭلاڭلار قەبرىدىن كەلگەن سادانى:
- كىبىرھال چىقاركەن باشقا ھامانى ،
يالماركەن ئوتىدا ۋەيلۇن زىندانى ،
كىم ئۆزى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتۇ...

تېرىشنىڭ ئاخىرى ئورىماق ئىكەن ،
توختىماي سانجىلدى تېرىغان تىكەن ،
ئۆلگەندە ئاقامدۇ پۇشايمان يىگەن ،

ئاھ پۇرسەت ،ئاھ ئۆمرۈم زايە كېتىپتۇ.

ئۆلگەندە بولسمۇ دەپتۇ ھەق گەپنى ،
تىرىكى دىمەستى ئەسلا نەق گەپنى ،
(مۇنكىرلەر ئۆگەتكەن چېغى ئەدەپنى)

بىچارە ئاگىمۇ ئىزا ئۆتۈپتۇ.

مەرھۇمنى ھەرقانچە دەيلى بەتقىلىق ،
ئۆلگەننى غەيۋەتكە كۆمۇش سەت قىلىق ،
ئەپۇچان قۇۋۇم بىز ،ئەپۇ مەرد قىلىق ،

رەنجىمە ئەي مۇردا ، مەندىن كېتىپتۇ.

بۇ لەھەت ئىچىدە بىر زات ياتىدۇ ،
كىم ئۆلسە شۇنچىلىك يەرگە پاتىدۇ ،
جاھاننىڭ ۋاپاسى مەلۇم تۇرۇقلۇق ،

بەزىلەر نېمشقا ھەيۋە ساتىدۇ ؟...

مۇھەممەتجان راشىدىن ئەپەندىنىڭ روزى سايىت ئەپەندى توغرىلىق يازغان شېئىرىنى

قوشۇپ قويدۇم.

روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا

مۇھەممەتجان راشىدىن

ئالتۇن تۇگمە بولمىسىمۇ تونۇمدا ،

روزى سايت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.
ئايرىلمايمەن چۈشۈمدە ۋە ئوڭۇمدا ،
روزى سايت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.
دېھقان تامان تارتىپ تۇرار قەلىمىم ،
ئېتىزلارغا سورەپ تۇرار قەدىمىم.
ئاددىي قەغەز، ئاددىي سىياھ تەلىپىم ،
روزى سايت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

شۇ قەلەمدەك ئىشچان قەلەم ئاز تېخى ،
ئىشچانلىقتا بىزمۇ تالاي خام تېخى.
« شائىر » دىگەن بىزدە قۇرۇق نام تېخى ،
روزى سايت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

يىغلىغىنىم دېھقانلارنىڭ يىغىسى ،
دېسەڭ مەيلى: « يىغلىغىنىڭ نىمىسى؟ »
چۈنكى دېھقان شېئىرىنىڭ تېمىسى ،
روزى سايت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

خوتەنلىككە ياقىنىمۇ شۇ قەلەم ،
تەڭرىتاغنىڭ باقىنىمۇ شۇ قەلەم.
ئەلدىن ئابروي تاپقىنىمۇ شۇ قەلەم ،
روزى سايت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

ئەلدىن ئازماق بىزگە گۇناھ، ئەيىبتۇر ،

ئەل سويىمگەن شائىر قەلبى مېيىپتۇر.
ئەل يولىدا كەتكەن شائىر شېھىتتۇر ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

شۇلار بىلەن بىللە مېنىڭ تىنىقىم ،
سۇ ئىچەرگە بىللە قۇدۇق ، ئېرىقىم.
بىللە مېنىڭ تەرگەن بۇغداي ، تېرىقىم ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

ئاچ قالىمەن ئاچ قالغاندا شۇلارمۇ ،
تاسقىلىمەن تاسقالغاندا شۇلارمۇ.
باي بولىمەن باي بولغاندا شۇلارمۇ ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

بىللە باردىم شۇلار بىلەن بازارغا ،
بىللە باردىممىيت چىقسا مازارغا.
تويلىرىدا يەنە باغاق يازارغا ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

سۇ توشۇيمەن شۇلار تىككەن گۈللەرگە ،
ئوخشىتىمەن قىزلىرىنى ھورلەرگە.
يامغۇر سوزلۇك ياخشىلارنى كۈيلەرگە ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

شائىر ئۇلۇغ كۈيچىسىدى خەلقىمنىڭ ،
دوستى ئىدى « خەلقىم » دېگەن ھەر كىمنىڭ.
تەسەللىسى يىغلاپ قالغان قەلبىمنىڭ_
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

شۇ قەلەمدىن ھۇزۇر ئالغان دىل تولا ،
شۇ قەلەمنى تەرىپلىگەن تىل تولا.
شۇ قەلەمگە ھېرىس تولا _ خىل تولا ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

شۇ قەلەمدە ئۇ يازغاندەك يازماق تەس ،
يازغانلىرى قىلدى مېنى بىھۇش - مەس.
ئۇ يازغاندەك يازالمسام باسار نەس ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

سۇنۇلغاندەك گۈدەك قولى قەن ئۇچۇن ،
بېرىۋەتتىم بۇ كوڭۇلنى ئەل ئۇچۇن.
شۇ ئەمەسمۇ بايلىق دىگەن مەن ئۇچۇن ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

چاتقىم كەلمەس شائىرلىقنى شوھرەتكە ،
ئوخشىتىمەن ئۇنى ئۇلۇغ مېھنەتكە.
يېزىۋالاي، كېلىڭ دوستۇم، سوھبەتكە ،

روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

بولغان بىلەن بانكىلاردا پۇلۇم يوق ،
ئەمىلىم يوق ، پىكاۋىم يوق،« يولۇم » يوق.
بولغان بىلەن مېنىڭ « ئۇزۇن » قولۇم يوق ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

سەھرالاردا شېئىرىمنىڭ يىلتىزى ،
شەھەرلەردە مەنزىلىمنىڭ يۇلتۇزى.
يۇرۇت تەقدىرى _ تەقدىرىمنىڭ دەل ئوزى ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

شۇ قەلەمنى يوقاتمايمەن ، ساقلايمەن ،
شۇ قەلەمدە قەبرىسىنى يوقلايمەن.
زورۇر چاغدا دۈشمەنلەرگە ئوقلايمەن ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

ئىزتىقۇغا ئىزىقتۇرماس پوس ماڭا ،
دېهقان بىلەن يەر ھەيدىسەم قوش ماڭا.
نەگە بېرىپ ، نەدە تۇرسام دوست ماڭا ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

ئۇ سويگەننى سويمەكچىمەن ئولگىچە ،
سويمەكچىمەن بوستانلاردىن چولگىچە.

نوۋەت كېلىپ ئەلمۇ مېنى كومگىچە ،

روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

بۇ شېئىرنى دادام(چوڭ موللا-زەيدىن) مەرھۇم شائىر روزى سايىت بىلەن بىرگە يېغىنغا قاتنىشۋاتقاندا خاتىرىسىدە كۆرۈپ ساقلىۋالغان ئىكەن، مەن دادامنىڭ خاتىرىسىنى كۆرىۋېتىپ بۇ شېئىرنى ئۇچرىتىپ قالدىم،ھەم شېئىرنىڭ تارىخى ئارقا كۆرىنىشىنى دادامدىن سوراپ بىلىۋالغان دىن كىيىن دادامنىڭ رۇخستى بىلەن توردا شلارنىڭ كۆرۈپ بىقىشغا سۇندۇم.

## ئەپساندىن تۆرەلگەن ئەپسانە

### روزى سايىت

مەن بۇ گەپنى ئاڭلىغان،
پاراڭچى بىر كىشىدىن.
قىززىقچىلىق بولسۇن دەپ،
سۆزلەپ بەردىم بىشىدىن.

پۇتمىسەڭلەر گېپىمگە،
ئەپسانە دەپ يالغان دەپ.
ئۆزەمگىلا قېپقالسۇن،
تەتۈر قوشاق قاتقان دەپ.

ئانچە چوڭ ئىش ئەمەس ئۇ،
ھەيران بولۇپ يۈرگىدەك.

(ئەمما خېلى ۋەزنى بار،

قېنىپ - قېنىپ كۆلگۈدەك.)

ئۇ چاغلاردا تۆگىنىڭ،

بۇيى ئىدى بۇرگىدەك.

ئەمما بۇرگە يۈز تاپقان،

تۆگە مىنىپ يۈرگىدەك.

قۇش قاۋايتتى زەنجىردە،

ئىت ئۇچاتتى ئىگىزدە.

مۈشۈك ساپان سۆرەيتتى،

ئۆكۈز ئۇخلاپ كىگىزدە.

چاشقان ھۈۋقۇش ئوۋلايتتى،

ئات مىنەتتى ئادەمنى.

پىژغىرىمدا تومۇزدا،

مۇز قاپلايتتى ئالەمنى.

قازان سەيدە پىشاتتى،

ئۇچاق مىنگەچ مۇرىغا.

ئاش چۆمۈچنى ئۇساتتى،

تۇۋى تۆشۈك كورىغا.

سۇ ئىگىزگە ئاقاتتى،

تاغ تۇراتتى ئويمانىدا.
باياۋانىدا ئاپتاپ يوق،
يوقتىسايە ئورمانىدا.

گەجگىسىدە بولاتتى،
ئادەملەرنىڭ كۆزلىرى.
تاپىنىدىن چىقاتتى،
پاراڭلاشسا سۆزلىرى.

مېڭىشۋېتىپ ئۇخلايتتى،
كۆزلىرىنى يۇمماستىن.
يول يۈرەتتى دوملاپ،
پۇت يەلكىدە باش ئاستىن.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە،
ئۆلگەن بوۋام تىرىلدى.
قاراپ ئۇنىڭ ھالىغا،
ئىچ - ئىچىمىز سىرىلدى.

كاشكىات بىلەن قىرىپمۇ،
گۆش چىقمايتتى تېنىدىن.
يوغىناپتۇ ۋە لىكىن،
توغرىلىقى ئىنىدىن.

پاقىرايتتى چىرايى،

لەۋلىرى گەز، ئورا كۆز.

پىچىر-پىچىر ۋاقىراپ،

ئېيتتى مۇنداق يېڭى سۆز.

كىپەنلەپسىلەر خام بىلەن،

يۆگىمەستىن بورىغا.

قازى بولدۇم، بەگ بولدۇم،

كېتىپ شۇنىڭ سورىغا.

مۇنكىر-نىكىر چاكىرىم،

پەرىشتىلەر پايلاقچى.

ئېقىلدارىم ئازازۇل،

مالايىكىلەر يالاقچى.

پالۋەتتىم جەننەتكە،

ئوغرى مەككار بۇزۇقنى.

بۇلاتقۇزدۇم ئۇلارغا،

نازۇ- نىممەت ئوزۇقنى.

سەككىز جەننەت چەيلەندى،

باغ ئىرەمنى بۇزغۇزدۇم.

ئۇ يەردىكى ھۆرلەرنى،

ئايىماستىن ئۇرغۇزدۇم.

سۈلچۈەتتىم دوزاخقا،
ياخشى-ئوبدان دېگەننى.
كەپلەپ قويدۇم ئېغىزىغا،
هاراپەتلىك يۈگەننى.

قۇيدۇم ئوتنى ئىرىتىپ،
ئۇسساپ كەتتۇق دىسسلا.
چوغ كەپلىدىم قارنىغا،
ئاچ قالغاندا يېسىلا.

ئاخىرەت ئۇ ئالەمدە،
قازنىلغىم ئاققاچقا.
قىلغان هۆكۈم پەتۋا،
قول چۇماققا ياققاچقا.

ئالقىشلىدى كۆتەردى،
ساقلىمدىن سۆرىشىپ.
بۇنى كۆرۈپ چىدىماي،
هەق كالىسى مۆرىشىپ.

دېدى مېنىڭ مۈڭگۈزۈم،
يەرگە تىرەپ تۇرىدۇ.
نىچۈن مىنى ماختىماي،

ساڭا چاۋاك ئۇرىدۇ.

چاتىغىم يوق كارىم يوق،

كۆتەرمەيمەن زىممىنى.

كۆتەرگۈزگىن چاقىرىپ،

ئوغلۇڭنى يا... ئىنىڭنى.

كالىنىڭ بۇ دەۋاسى،

پەيد قىلدى زىلزىلە.

زىمىن تىترەر پات يېقىن،

ئىشلەتمىسەم بىر ھىلە.

جىم ياتماپتۇ بوۋىمىز،

ئاخىرەتكە بېرىپمۇ.

نەگە بارسا ئىش تېرىپ،

قالمايدىكەن ھېرىپمۇ.

غالىپ كەلسە بوۋامدىن،

ھەق كالىسى ناۋادا.

تەۋرەپ كەتسە يەر شارى،

بىز لەيلەمدۇق ھاۋادا.

ئامال قانچە مىھمانغۇ،

(چىققان بىلەن ئۇراندىن)،

داسقان يايدىم شاپپىدە،

مەزەلىرى بۇراندىن.

ئاچقان ئىكەن قورسىغى،
داستىخاننى كاپ ئەتتى.
بۇرانىنى يەپ شامالنىڭ،
ئۈۋىغىنى كاپ ئەتتى.

سالدى دىلغا ئەندىشە،
بوۋام ئېيتقان كېيىنكى سۆز.
(يەرنى تىرەپ تۇرغىلى،
بولغىن دەرمۇ ئۇي - ئۆكۈز.)

ئاشۇ غەمنىڭ زەنجىرى،
بوينىمىزدىن سۆرىدى.
تەشۋىش تىترەك بىر بولۇپ،
تام تورۇسنى ئۆرىدى.

قورقۇپ كەتكەن چاشقانلار،
مۈشۈكلەرگە ئېتىلدى.
قۇشلار ئۈزۈپ زەنجىرنى،
بېلىقلارغا قېتىلدى.

سۆگەك ئىتنى غاجىدى،

سەي چشلىدى پىچاقنى.
ساقال ئۈندى تاپانغا،
بەل چىرمىدى پاچاقنى.

قورقۇپ كېتىپ ئايالىم،
يېتىۋالدى بۇشۇككە.
تۇغۇلمىغان ئوغلۇمنى،
قاچتى بۇلۇڭ تۇشۇككە.

مەن ئوغلۇمنىڭ قويىندا،
ئىڭگەلدىم بوغۇلۇپ.
ئەسلىسەم كېيىن مېنىڭدىن،
ئوغلۇم بۇرۇن تۇغۇلۇپ.

تۇرغان ئىكەن تويلۇشۇپ،
ۋۇجۇدى يوق قىز بىلەن.
(بۇ ئىشلارنى بەزىلەر،
كۆرۈپتىكەن كۆز بىلەن.)

دىۋ-پەريات بىر ئالدى،
ئۆي ئىچىنى تالالىنى.
دىدىم:بۇۋ يىغىشتۇر،
ئۆزەڭ تاپقان بالالىنى.

دوزىقىڭنى نېرى تارت،
جەننىتىڭدە ئۆزەڭ يات.
بىزگە كېرەك ئاراملىق،
بولالمايمىز كالا، ئات.

مېنىڭ ئېيتقان سۆزۈمگە،
تام - تورۇسمۇ قېتىلدى.
شاتلىغىدا ئايالىم،
قۇچىقىمغا ئېتىلدى.

كەلدى سادا بۇشۇكتىن،
بۇزما بەخت تېڭىڭنى.
بۇ ئالەمگە ئېپكەلمە،
ئاخىرەتلىك جېڭىڭنى.

ئېھتىمالىم بۇ گەپلەر،
بۇۋىمىزغا ھار كەلدى.
رەددىيەلىك پاراڭدىن،
كۆز ئالدىغا دار كەلدى.

ئىنجىقلىدى بىر ھازا،
تىنىق يەتمەي ھاسىراپ.
يۆلەيدىغان كىشى يوق،

يېتىپ قالدى ھالسىراپ.

بوران ياندى بۆرىنىدىن،
كېكەردى ئۇ «گارت» قىلىپ،
چۈشتى قايتا سەكرىتىقا،
جىمىپ قالدى«خارت» قىلىپ.

ئەسكەرتىش: باشقا مۇنبەرگە يوللىماقچى بولسىڭىز ئەسلى ئاپتورى بىلەن يوللاڭ!
كىچىك موللا-زەيدىن دادىسىنىڭ خاتىرىسىدىن كۆچۈرۈپ يوللىدى

ئالدىدا . ھەسەن-ھۈسەن

قىزنىڭ يىگىتكە ئىيتقانلىرى

...(مەن ساڭا ئاشىق) دىدىڭسەن، گەپنى تەشتىك ئالدىدا،
(ئەمدى ئايرىلساق؟...) دىدىڭسەن، بەلنى يەشتىڭ ئالدىدا.
گەپ-سوزۈڭگە ئالدىنىپ(ماقۇل)نى بالدۇر دەپتىمەن،
ھېچ خىجىللىق سەزمىدىڭمۇ سەرگۇزەشتىڭ ئالدىدا؟
ئەسلىگىن بىز تۇنجى ئۇچراشقان مىنۇتنى، باغچىنى،
ئېيىت،بۇگۈن (ئۇندەشكە) ئايلاندىڭمۇ،(پەش) ئالدىدا.

(كۆرمىسەم بىردەم چىدارىم يوق) دىگەن لەۋزىڭ قىنى،
(راست كۆيۈۋېتۇ...) دەپتىكەنمەن،(تەپتى مەشنىڭ ئالدىدا.)
باشتا نەرىمگە كويۈپ، ئەمدى قەيەرىم ياقمىدى،

سەن نىچۈن مەزمۇتلىقى يوق يىپنى ئەشتىڭ ئالدىدا؟
ئويلىدىڭمۇ(ئۇ ھاماقەت قىزنى ئەخمەق ئەيلىدىم)...

ياق! چىنىقتۇردىڭ مىنى، سەنچۇ، تۇگەشتىڭ ئالدىدا!
مەن ئەقىل تاپتىم كىچىكسەممۇ، شۇنىڭغا بەك خۇشال،
سەن ۋاپاغا بىۋاپالىقنى تىگىشتىڭ ئالدىدا.....

## ئۆمۈلاخان (دائىم، ئىزچىل دىگەن مەنىدە)

چۈشلىرىمگە كىرىسىز يار ئۆمۈلاخان،
ئىشىق كۆيىگە چىكىسىز تار ئۆمۈلاخان.
ئويغانسامۇ يادىڭىزدا ئىسسىق - يادىم،
خىيالىڭىز ماڭا قاتار ئۆمۈلاخان.
دىدارلاشساق تۈگمەيدۇ پارىڭىمىز،
لەۋزىمىزدە ئەھدۇ - قارار ئۆمۈلاخان.
سىز تەڭلەيسىز،سۆيگۈ،ۋاپا شارابىنى،
مەن تەڭلەيمەن لەيلى ناھار ئۆمۈلاخان.
«سىنىڭ جىنىڭ - مىنىڭ جىنىم بىرجان ...» بۇ راست،
يۈرىكىمىز پەسلى باھار ئۆمۈلاخان.
ئەغيارىلار مىش - مىش ئەتمىش كەينىمىزدىن،
ئارىمىزدا ئۇنىسە دەپ خار ئۆمۈلاخان.
ھەرجايدا بار مۇھەببەتنىڭ كۈشەندىسى،
ئەمما ئۇنىڭ قىسمىتى دار ئۆمۈلاخان.
شەك - گۇمان يوق ئىككىمىزنىڭ سۆيگۈسىدە،

ئىشەنچ گۈلى چاچار ئىپار ئۆمۈلاخمان.
بىز ياشايمىز ئۆمۈرۋايەت ساداقەتتە،
بىزگە پاكلىق چىن غەمگۈزار ئۆمۈلاخمان.

ئەينا(ئەنە ، مەنىسىدىكى يەرلىك شىۋە)

ئىگارىم كەلدى گۈل قىسقان پىتى ئەينا،
تىنىق نەپسىدە پاك سۆيگۈ ئوتى ئەينا.

كۆرۈشتۈق سۆيدى مەڭزىمگە ئەجەپ يىللىق،
ھوزۇرلاندى يۈرەكنىڭ قات - قىتى ئەينا.

ئۇزانقانتىم سەپەرگە يارنى زەر توندا،
ئىدى ئاق رەڭدە ھەر يازغان خېتى ئەينا.

بۈگۈن ئۇ قايتتى ئەڭنى توق يىشىل،ھەتتا،
تېشىل يۈپۈقتا جابدۇلغان ئېتى، ئەينا.

دېسەم: زەپمۇ سىغىندۇردۇڭ، دېدى:كەلدىم،
توشۇپتى ۋەسلى ھىجران مۇددىتى ئەينا.

ۋىسال ئەييامى تەڭلەشتۇق،چىمەن راسلاپ،
ئادالاندى بۇ لەۋنىڭ گەز - دېتى ئەينا....

بۇ ھالنى قۇتلىدى كاككۇك ئۇرۇپ قەھ،قەھ،
ساماغا چۈشتى بىخ ....شاتلىق رېتى ئەينا.

## دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش

روزى سايىت

يازئۆتتى،كۈزئۆتتى،يېقىنلاشتى قىش،
ئۇششۇكنىڭ قەدىمى_سۇرئىتىدەنىش،
پەسىلدەئالمىشىش،كۆڭۈلدەئەندىش،
ئەندىشكى:قامچىلاپ«يىغىش ھەم تېرىش»،
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش.

بولىسغۇبەش - ئون كۈن سوغوق بولمىسا،
يۇقىرنىڭ پەرمانى بوغۇق بولمىسا،
يۈرەكلەرئازاريەپ«جىغۇق» بولمىسا،
«بىلەرمەن»غوجاملارشۇنى ئويلىسا،
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش.

ئىست،بۇيىل كېۋەزلەرئوخشىغان بولۇق،
ھەرغوزەك نازىداباشقىچەخۇلۇق،
بولۇقلۇق نە كېرەك يىغمىسا تولۇق،
دىمەڭلار:پەيت بارغۇ،بوش تىترەھۇلۇق،
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش.

باشاقنى كۇتۇرۇش كەلگەچكە تەسكە،
قوناقنىڭ بىغىشى ئېگىلگەن پەسكە،

(مول - ھوسۇل بولەيدۇدىلنى ھەۋەسكە)،
ئالتۇن دان ئۈندەپ«تېزيىغۋال،كەس!»كە،
دېھقاننى ئالدىغا سىلىۋالدى ئىش.

تەك - ئۈزۈم تۈپىدەتالاي كاللا ساپ،
قىزلارنىڭ لېۋىدەك كۆلدى رەڭ ياساپ،
ئۈزمىسەۋاقتىدا رەڭگى نە ھېساپ.
(ھومايدى ئۈنگغا ئۈششۈك - نا ئىنساپ)،
دېھقاننى ئالدىغا سىلىۋالدى ئىش.

شۈكەمدەزەپ سۈرلۈك شاگجاگنىڭ ئۈنى،
‹ ‹كۆزگىنى تېرىپ بول پالانى كۈنى!
كېچىكسەڭ جەرىمانە....ئەستەتۇت بۇنى،
قۇناقنى چاپ،يەرنى بىكارلا،قىنى......! »
دېھقاننى ئالدىغا سىلىۋالدى ئىش.

دۈيجاگمۇچىچلغاق،قاپىقى تۈرۈك،
مىجەزى چۇس،نازۇك_ئەينەكتەك چۈرۈك،
(قامچا گەربولمىسا ئىچ ئات يۈگۈرۈك)،
قىستىغاچ ھەممىنى ئاخىرقى سۈرۈك،
دېھقاننى ئالدىغا سىلىۋالدى ئىش.

دەرئۇلار:چامغۇرنى كېيىنرەك قېزىۋال،
پاسارنى كېچىدەيۆتكەپ تىزىۋال،

غوزىنى قاچان پەيت چىقسا ئۈزىۋال،
بىزدىكەن ئىشنى قىل ھەممىدىن ئاۋۋال!
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش.

ئەتىلاچىقسەن ئېلىپبىشىغا،
بۇگۈن تاش يۆتكەيسەن ئۆستەڭ قېشىغا،
ئون كۈندىن ھاشارىبار كىشى بېشىغا،
رۇخسەت يوق ھەركىمنىڭ شەخسى ئىشىغا،
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش.

بۇيرۇقا«خوپ.....»دېسەڭ قوناق كۆك پېتى،
كېۋەزساي ئېچىلىپ كۈلدى قات - قېتى،
«ياق »دېسەڭ كىمنىڭدۇ تاشىدۇ ئۆتى،
كېسىدۇساپپاقنى «تىك - تىك»نىڭ چوتى،
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش.

بىر يىللىق ئەجرىنى سۈرۈك قىلسا ھەم،
زىرائەت پىشماستا يىغسا ھۆسۈل كەم،
كاللىدىن ئۆتمىگەن ئىشتا يوقكەن تەم،
ئاھ،شۇڭا دىلدامۇڭ،غەم ئۈستىگە غەم،
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش.

تەبىئەت پەسلىنىڭ ئۇششۇكى باشقا،
«پەرمان»نىڭ ئۇششۇكى تەگمەكتەباشقا،
شۇڭلاشقا گۆھەركۆزتولماقتا ياشقا،

«چىش تاشقا،ئاغزىمىزبارمايلائاشقا»،

دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش.

تەس تېرىپ پەرۋىشلەپ قوناق،پاختىنى،
كۆندەملىك كەزگەنلەرئېتىز-تاختىنى،
بىلمەسمۇيىغىش ھەم تېرىش ۋاقتىنى،
بەك ئانىي تاپتى خەق بىز ھاڭۋاقتىنى،
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش.

«غوجام»لارئالدىراپ دېھقاندىنمۇ بەك،
يۈرمىسەچېچىلىپ،قۇيۇشمىسا چەك،
كۆرمىسەئۆزىنى«چولىك»،بىزلەرنى گۆدەك،
نىمانچەكۆپ گۇمان،نىمانچەكۆپ شەك،
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش.

ئېتىزدىن بوشانماي يۈرۈپلاقولى،
تەر-شوردىن قۇرۇماي ماڭلىيى،غولى،
كۆزقىستى تاشئۆستەڭ،ھاشارنىڭ يولى،
قاچان ئۆز ئىشىغا ئاشىدۇ چولى؟
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش.

شادىدىن غوزەكنى ئۈزمەمدۇدېھقان؟
پاساردىن قوناقنى سۈزمەمدۇدېھقان؟
ئۈزۈمنى قازناقتا تىزمامدۇ دېھقان؟
قىشلىق سەي-كۆكتاتنى قازمامدۇدېھقان؟

دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش.

دېھقاننىڭ يوقمدۇئۆيدە كەملىكى،
ئېلىشى،بېرىشى_ - بىرەر تەڭلىكى،
بولمىسا بوش پۇرسەت،خاتىرجەملىكى،
بولمىسا ئالدىراش ۋاقتىنىڭ چېكى،

دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش.

ئۇتېخى تۇگمەندە يۇمشتمىدى دان،
قشقىچە قورساققا كېتەرخېلى نان،
توڭلايدۇتېكمىسەئۇستىۋاش_چاپان،
تاپمىسا يېقىلغۇقايىنماس قازان،

دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش.

چىلىدەسوغ چىمداپ تۇرسا تاپاننى،
يەر تېخى سالمىسا«توڭلاغ چاپان»نى،
«چاپسان بول،پاتۇرغىن،دېسە،ساپاننى»،
ئالماق تەس ھەرمودىن توننا تالقاننى،

دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش.

ئويلانماي چۇشۇرۇپ«جىددى بۇيرۇق»نى،
كۆم!دېسەمەۋسۇمدىن بۇرۇن ئۇرۇقنى..
كۇزلۇككە ئۆز- ئارا تالاپ قۇيرۇقنى،
دېھقانغا ئىتتەرسە«بۇيۇنتۇرۇق»نى....

دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش.

پەسلى ياز...بۇغدايلارتۇرغانداسۇتۇن،
دېھقاننىڭ بېشىدىن چىقرىپ تۈتۈن،
«ئورغاق سال!»دېگەنلەر«يېرىم»مۇ،«پۈتۈن»،
دەيلىچۇ:«بۇغدىيىڭ پىشسۇن،كۆل،كۈتۈن..!»
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش.

تەك - تالنى ئاچاردايۈرۈپ نەلدە،
كۆمەردەۋاقتى يوق(تۇرۇپ مەلدە)،
شۇڭا ئات چاپتۇرغان بىلەن چەللدە،
بېشىمىزيەنىلا«نامرات»سەللدە،
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش.

ھەرقانچە چىداملىق،ھەرقانچەچاققان،
بولسىمۇ،پولات جان ئەمەسقۇدېھقان،
دېمەيلى«سۆرەمدىن چىقتىڭ،تارت ساپان!»
ئۇئىزدەر ئادالەت تەختىدىن قالقان،
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش.

ئېتىزداتۇگەپتۇئۇنىڭ ياشلىقى،
ئېتىزداخوراپتۇكۈچى،شاشلىقى،
ھۇزۇرى،خۇشلۇقى - تۆت تال ئاشلىقى،
دېمىنى كەمسۇن ئالدىراشلىقى.
دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش.

مول - ھوسۇل مول پىتى كەلسۇن خامانغا،
ئەجرىنى كۆممەيلى پاسار،سامانغا،
ئۇمۇبىر«ئۇھ....»دېسۇن،يەتسۇن ئارمانغا،
قەدىمى زىياندىن ماڭسۇن ھايانغا،

دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش.

سىز،بىزنى باققىنى دېھقاننىڭ نېنى،
تومۇرداائاققىنى دېھقاننىڭ قېنى،
ۋەتەنمۇ تەكتىدىن ئۇنىڭ ۋەتىنى،
پۈۋلەيلى ھەممىز دېھقان ئوتىنى،

دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش.

دېھقاننىڭ غېمىنى يېگەنلەر ئۇلۇغ،
دېھقاننىڭ گېپىنى دېگەنلەر ئۇلۇغ،
دېھقاننى ئۇلۇغ دەپ بىلگەنلەر ئۇلۇغ،
دېھقاننى كۈلدۈرۈپ كۈلگەنلەرئۇلۇغ،

دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش.

1993 - يىل10 - ئۆكتەبر،خوتەن

## نەدە قالغان بەندىمەن ؟

روزى سايىت

سۆز تىلەپ چەتتىن ھەمىشە يۇردىما گەپ ئوينتىپ ،

«كى»،«ناگاھ»،«ياڭلىغ» دىدىممەن گەپنى ئوك،چەپ ئوينتىپ.

ئۇز،گۈزەل ئۇيغۇر تىلى تۇرسا نەرىمگە يەملشىپ ،

ئىتتىرىپ قەستەن يىراق ،تىل قايرىدىم لەپ ئوينىتىپ.

گاھى يازغان نەزمە - شېئىرىمنى چۈشەنمەستىن ئۆزەم،

ئاختۇرۇپ لۇغەت،ئىزاھ بەردىم قۇرۇق سەپ ئوينىتىپ.

ئويلىدىم :«مەن تىلغا بايمەن ،مەنچىلىك سۆزمەن قېنى ؟

ۋەزنى ئارۇز- بۇ شەكىلدە يازىمەن زەپ ئوينىتىپ..! »

شاد كۆرەڭلەپ يۈرگىنىمدە ئېيتتى بىرسى يۈز تۇرا:

«ھەي بۇرادەر، قىلما گالۋاڭ تەگمىسە نەپ ،ئوينىتىپ.

شوخ،راۋان ،چاقنايدىغان تىل پاكلىقنى بۇلغىما ،

بۇلغىما «ئارۇز»نى ،يۈرمە بارنىمۇ يەپ، ئوينىتىپ.

تىل غەزنىنەڭ بارچىدىن باي،بۇ ئەمەس ئۆتكەن ئەسىر ،

«ۋادەرىخا»،«لىك»...بۇ گەپلەر بىر كىرەك، تەپ ئوينىتىپ!

ئويلىسام راست ،بىر قىزاردىم،نەدە قالغان بەندىمەن ،

ئەلدىن ئايرىلغان قەلەمنى كۈندە بىئەپ ئوينىتىپ ؟

سىلكىدىم باش،باغلىدىم بەل ئۆز تىلىمدا يازغىلى ،

ئەر ئەمەسمەن چاينىسام تىل قەزىر ئېلىپ ـگەپ ئوينىتىپ!

« ئۇيغۇر گىلىمى >> ناملىق مۇخەممەستىن ئىككى كۇپلېت:

ئەي گىلەم ، ئېيت ، قايسى بوستان ھۆسنى رۇخسارىڭچە بار ؟
قايسى گۈل ، گۈلشەن جۇلالىق رەڭدە بىر پارىڭچە بار ؟
قايسى گۈزەللىك ئالەمنىڭ نەرى دىدارىڭچە بار ؟
قايسى دىلبەرنىڭ پىراقى جىلۋە ، ئوت - نازىڭچە بار ؟
كەسىپ ، كامالەتتە ، دىگىن ، كىم ئۇيغۇرۇڭ ، يارىڭچە بار ؟

ئۈزلۈكسىز ئۈيغۇر دىلىنىڭ نۇر سىيماسى ـ ئۈزلۈكى ،
ھەر تىنىت ، چۈچاك قەلب ئاسمانىنىڭ يۇلتۇزلۇقى ،
گۈل ، كانارەك تەڭرىتاغنىڭ سوۋغىسى ، نورۇزلۇقى ،
رەڭ - بوياقلار ئەھلى ئەجدادنىڭ سۈتى ، ئوغۇزلۇقى ،
تەسۋىرى يۇرتنىڭ مۆجەسسەملىكتە گۈلزارىڭچە بار ؟

« جۇڭگو مىللەتلىرى >> ژورنىلى 2006 - سانىدىن

## ئارتۇقچە

ئەدەپ ئۇقماسقا كۆرسەتكەن ئەدەپ ئارتۇقچە_ئارتۇقچە،
ياراشماسلارغا زايەدۇر سەدەپ ئارتۇقچە_ئارتۇقچە،
غەرەز ئۇقمايدىغانلارغا نەسىھەت بوش ،بىكار كەتكەي،
«ئۆرۈپ تۇرسا كۇلۇپ تۇرسا>> غەزەپ ئارتۇقچە_ئارتۇقچە،
ئۆكۈزنىڭ مۈڭگۈزىگە گۈل تاقاپ كۆر بەربىر <<مۈڭگۈز>> ،
ئۇنى سەن بولما ئاۋارە بىزەپ ئارتۇقچە _ئارتۇقچە ،
دىسەڭ <<يەلكەمنى قىل شوتا؟>>دىسە <<يوق ئۆگزىگە رايىم... >>
بۇ يەڭلىغ روھى غاپىلغا مەدەت ئارتۇقچە_ ئارتۇقچە ،
دىيەك قويساڭمۇ ئۆرۈلگەي تىگىدىن زەيدىگەن دەز تام ،
كۈچۈڭنى قىلمىغىن ئىسراپ ،تۈزەپ ئارتۇقچە _ئارتۇقچە ،
جاھاننىڭ شەنىگە باققىن ،ئەقىل ھۆججراڭغا شام ياققىن ،
سەپەر قىلماي تىرەجەيسەن ،نەدەپ ئارتۇقچە _ئارتۇقچە ؟
بەخت ئاسماندىمۇ؟ تۈگۈلۈك ماراشتىن نە مۇراد ھاسىل ،
كۆتۈرگىن باشنى ! سۆزلەتتىڭ ئەجەپ ئارتۇقچە _ئارتۇقچە....

## غېمى بىرلە

ئەجەب بىر ئىش :بىرى يوقنىڭ ،بىرى بارنىڭ غېمى بىرلە ،

بىرى  جانىنىڭ ،بىرى پۇلىنىڭ ،بىرى يارىنىڭ غېمى بىرلە.

ئۇ  شۇنچە ئالدىراش ،ئالداش  ئۇچۇن دوست - ئەقرىباسىنى،
بۇ شۇنچە كۆڭلى  غەش ،شەرم  - هايا،ئارىنىڭ غېمى بىرلە.

بىرى  ئىخلاسىدىن  قايتقان ، بىرى ۋىجدانىنى ساتقان ،
تالايلار دەرد -  ئەلەم ،دىشۋارۇ - مۈڭ - زارىنىڭ غېمى بىرلە.

جاهان سەندىن كۆيۈم ، مېھرۇ ۋاپا يىتكىچە يىتكەيمۇ،
پېقىر يىغلارمۇ هەر داھىم شۇ بى هارىنىڭ غېمى بىرلە؟

## ئۆزگۆرەر تەقدىرمۇ تەدبىرگە بېقىپ

« پۇل »_ھورۇننىڭ بىر ئۆمۈر چۇشمەيدۇ ئاغزىدىن بىراق ،
قانچە تامشىسۇن بۇ يول يوق  -  ئىلكىدىن مەڭگۇ يىراق.

« پۇل دىگەن قولنىڭ كىرى »،ياق ،پۇل دىگەن مېھنەت تېرى،
تەردە_ پەرۋىشتە ئېچىلغاي باغدىكى گۈل خۇش پۇراق.

« ئۇچمە پىش،ئاغزىمغا چۇش»دەپ ياتسا كىم تۆكۈلۈك ماراپ،
هالى غۇربەتتە ھەمىشە ئۇستىباشى ماز ، قۇرۇق.

نەدە مۇتلەق ،ئۆزگىرەر تەقدىرمۇ تەدبىرگە بېقىپ ،
تەقدىرىم شۇ دەيدىغاننىڭ باشىدا غەم ،دەرد_ پىراق.

ئەي ھورۇن ،قوپ_ ئىشلە ،ئىزدەن ،ياتما كۆز مۆلدۈرلىتىپ،
خام تەمەللىك تەلۈرۈشلەر خۇددى ياغسىز جىنچىراق....

## ئۆيلەنمەيمەن

تاھىر تالىپ

سۆي - دېدى بىر پەرىزات قاراپ قويماي،
مەن ئۇچۇن چېچىنى بىر تاراپ قويماي.
سۆي - دېدى ئۆزى ئىگىز راۋاق ئۈززە،
بىر چۈشۈپ ئاشىقىغا شاراپ قۇيماي.

سۆي - دېدى جانان تەڭلەپ تاپىنىنى،
سۆي - دېدى سۆرلۈك بۆرە چاپىنىنى.
مۆرەممۇ، يۈرۈكۈممۇ بولدى يېغىر،
كۆپ سۆرەپ تەڭقىسلىقنىڭ ساپىنىنى.

سۆيمىسەم سەكرەپ چۈشۈپ چەيلىمەكچى،
تىرەمنى تەتۈر سويۇپ ئەيلىمەكچى.
سۆيمىدىڭ تاپىنىمغا ۋاپاسىز دەپ،
دوزىخى قاتارىغا ھەيدىمەكچى.

مەيلىدى پەستە تۇرسا ئاز بولسىمۇ،
سۆيەتتىم يانمۇيان بوپ تاز بولسىمۇ.
بويىننى ئۇنداق ئىگىز تۇتمىسكەن،
دەپ قالدىم مەشۇق ھەتتا غاز بولسىمۇ.

سۆي - دېدى سۆيمىدىم يا سۆيەلمىدىم
كۆي - دېدى مۇزلىدىمكى كۆيەلمىدىم.
بىشىمنى بىسىپ باقتى كىنىزەكلەر،
تاپانغا تىل سوزۇشقا كۆنەلمىدىم.

ھال ئىدىكى ئۇ يا مەندىن كىچەلمەيدۇ،
يا پەسلەپ ۋىسالىمغا يىتەلمەيدۇ.
مەن دەيمەن مۇھەببەتسىز ھاجەتكىلا،
بۇنىكاھ ئىمارىتى پۈتەلمەيدۇ.

شۇڭا مەن ئۆيلەنمەيلا ئۆتەي دېدىم،
تاق ياشاپ مۇرادىمغا يىتەي دېدىم.
بويتاقلىق مىلىك ئەلاكەن سايىملىقتىن،
ئۇ دۇنياغا بويتاقلا كىتەي دېدىم.

## ئۆيلەنگىن

### روزى سايىت

راۋاقتا چىقىۋىلىپ ماراپ قويماي ،

نازىدا قاش ئېتىپ ، چاچ تاراپ قويماي ،

‹سۆي> دېسە، مەشۇق ئەمەس، ئالۋاستى ئۇ،

كەتكۈلۈك پەشنى قېقىپ قاراپ قويماي.

يېنىغا تارتىمىسا يا كەتكۈزمىسە ،

‹سۆي!>دېسە ، گۈلىدىن شاخ ئەگكۈزمىسە،

ئېغىزى پۇرامدىكىن كاساپەتنىڭ،

سۆيگەندە لەۋلىرىگە لەۋ تەگكۈزسە.

‹تاپانىغا سۆي!>دېگىنى ساراڭلىق ئۇ ،

زاتىغا ئىبلىس چاپقان هاراملىق ئۇ.

هىدلاشما ئازاب، نۇمۇس، سۆيۈش تۇگۇل ،

نىجاسەت دەسسەپ يۈرگەن داۋاملىق ئۇ.

سۆيمىسەڭ چەيلەمدىكەن پەسكە چۈشۈپ ،

تېرەڭنى ئەيلەمدىكەن قەستكە چۈشۈپ ؟

قورۇقمىغىن، تىترەيدۇ ئۇ راۋىقىدا ،

ئورنىشىپ ئولتۇرۇشمۇ تەسكە چۈشۈپ.

گېپىڭچە < تاز> بولسىمۇ، < غاز > بولسىمۇ ،

سۆيدۈرسە سۆيگۈدەكسەن < ماز > بولسىمۇ...

بىلىپ قوي ، بەت ئەسلىنىڭ كۆڭلى سۇيۇق،

سەن - بىزدىن گۈل قىزغىنار ياز بولسىمۇ.

گېپىڭچە كېنىزەكلەر باسقاندا باش ،

تاپانىغا سۆيدۈرمەككە چاغلاپ ياۋاش.

‹ياق > دەپسەن، كۆنەلەپسەن،سۆيەلەپسەن،

**سۆيگۈڭ بار ، ئىشق يۈكنى ئېتىپ باغاش.**

**شۇڭا ئۇ كېچەلمەيدۇ ، سەن كېچەلمەيسەن ،**

**ئۇ < پەسكە > ، سەن <ئېگىز> گە كۆچەلمەيسەن.**

**سەن دەيسەن: ئىككى قولدىن چىقسۇن چاۋاك ،**

**ئۇ دەيدۇ : مۇزلاپ، كۆيدۈڭ ، ئۆچەلمەيسەن..... !**

**ئاڭلىسام، < ئۆيلەنمەيمەن!> دەپ يۈرۈپسەن،**

**‹تاق > لىقتىن مۇراد ئىستەپ چۈش كۆرۈپسەن.**

**نۇرغۇنغۇ بويتاق < سايىم > يۇرتىمىزدا ،**

**خوتۇن ئال ، ئالما ئۇزگىن يەڭ تۇرۇپ سەن!**

*******************************

مەنبە : < بوستان > ژۇرنىلى 1997- يىلى 2- سان

**شەبنەم مۇنبىرىدىكى ‹ ‹روزى سايىت ئەسەرلىرى › ›دىگەن تېمىدىن رەتلىنىپ ئىملاسى تۈزىتىلىپ ئېلكتاب تۈزۈلدى.**

## تۈزگۈچى :يانار تاغ

2009.2.13

**ئوقۇرمەنلەر سەمىگە :**

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، ئوقۇرمەن .

بۇ ئېلكىتاب شەخسنىڭ قىزىقىشى ۋە ئەجىر قىلىشى نەتىجىسىدە دوستلارنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشى ۋە مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن تۈزۈلۈپ ، توردا ھەقسىز تارقىتىلدى .

ئېلكىتابقا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى ئىنتېرنېت بولۇپ ، ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى ۋە ئەسەردىكى كۆز قاراشلار ئەسلى ئاپتورغا مەنسۇپ . (ئەسەرنىڭ باشقا ھوقۇقلىرى ئەسەرنى نەشىر قىلغان ئورۇن ، شۇ ئەسەرنى تورغا يوللىغۇچى ۋە ھۆقۇق بېرىلگەن تور بېكەتكە مەنسۇپ) .

بۇ ئېلكىتابنى سودا ئىشلىرى ۋە باشقا ھەر قانداق قانۇنسىز يوللارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ . ئەگەر ئاپتورنىڭ ياكى نەشىر ھوقۇقىغا ئىگە ئورۇنلارنىڭ رۇخسىتىسىز سودا ياكى باشقا قانۇنسىز ساھەلەردە ئىشلىتىپ، بىرەر مەسىلە كۆرۈلسە بارلىق ئاقىۋەتكە شۇ كىشى ياكى ئورۇن مەسئۇل ، ئېلكىتاب تۈزگۈچى ۋە تارقاتقۇچى بلوگ ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايدۇ !

ئەگەر سىز ئاپتورلۇق ھوقۇقۇمغا ياكى نەشىر ھوقۇقۇمغا دەخلى قىلدىڭىز دەپ قارىسىڭىز ئېلخەت ئارقىلىق ئەسكەرتىپ قويۇڭ ، ياكى بىۋاستە ئېلكىتاب تارقاتقۇچى بلوگ ـــــ چوغدىل بلوگىدا سۆز قالدۇرۇپ قويسىڭىزمۇ بولىدۇ . بىز كونكرېت ئەھۋالغا ۋە تەلىپىڭىزگە ئاساسەن مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىمىز .

ئەگەر چوغدىل بلوگى تۈزۈپ - تارقاتقان ئېلكىتابلارغا قارىتا پىكىر - تەكلىپىڭىز بولسا بىزدىن ئايىمىغايسىز . بىز كېيىنكىلىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ تۈزۈپ تارقىتىمىز . بلوگىمىزدىكى يازمىلار ، ئېلكىتابلار ۋە باشقا چۈشۈرۈش ماتېرىياللىرى داۋاملىق يېڭىلىنىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ تۇرىدۇ . يۇقىرىدىكى ئەسكەرتىش ئاساسىدا خالىغانچە چۈشۈرۈپ پايدىلانسىڭىز بولىدۇ .

بلوگىمىز تۈزۈپ - تارقاتقان ئېلكىتابلار ۋە باشقا ماتېرىياللار سىزگە نەپ يەتكۈزگەن ، يارىغان بولسا بلوگىمىزغا يات - يات قەدەم تەشرىپ قىلىڭ . چوغدىل بلوگىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن ، بلوگىمىزنى قوللاش يۈزىسىدىن ھەر قېتىم كەلگىنىڭىزدە بلوگدىكى ئېلانلارنى بىر قېتىم چېكىپ قويۇشنى ئۇنۇتماڭ ، رەھمەت .

ھۆرمەت بىلەن : چوغدىل بلوگىدىن چوغدىل .

ئېلكىتاب تۈزگۈچى : چوغدىل بلوگى ھەمكارلاشقۇچىسى ___يانار تاغ

تارقاتقۇچى : چوغدىل بلوگى http://choghdil.blogbus.com

E-MAIL:choghdil@gmail.com